
ئەمەتجان قۇربان

# يۇلغۇندىكى يۇرەك



شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

ئەمەتجان قۇربان

# يۇلغۇندىكى يۈرەك

(شېئىرلار)



شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابلىمىت قادىر
بۇخەلچەم ياسىن
مەسئۇل كوررېكتورى:ئادالەت ياقۇپ

# يۇلغۇندىكى يۈرەك

(شېئىرلار توپلىمى)

ئاپتورى: ئەمەتجان قۇربان

---


شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى№14، پوچتا نومۇرى: 830046)
شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
ئۈرۈمچى باجياخۇ رەڭلىك باسما چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 850 mm×1168 mm  1 / 32  باسما تاۋىقى:4.375
2009 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2009 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 0001—3000

---

ISBN 978_ 7_ 5631_ 2323 _ 0
باھاسى: 10.00 يۈەن


ئاپتور



ئاپتور ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە

# نەشرىياتتىن

ئەمەتجان قۇربان (ئۇرغۇ) 1969 - يىلى 12 - ئايدا مارالبېشى 44 - تۇەن شورلۇقئوتار مىللىي يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن. 1988 - يىلى 51 - تۇەن تۇمشۇق مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپتە تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەن. 1989 - يىلى 10 - ئايدا 44 - تۇەن شورلۇقئوتار مىللىي مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولغان. 1994 - يىلى 7 - ئايدا قەشقەر مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات كەسپىنى پۈتتۈرگەن. 2006 - يىلى 7 - ئايدا ئۆزلۈكسىز ئۆگىنىپ ئىمتىھان بېرىپ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىيات كەسپى بويىچە تولۇق كۇرس ئوقۇش تارىخىنى هازىرلىغان. هازىر مارالبېشى تۇمشۇق شەھىرى 44 - تۇەن شورلۇقئوتار 3 - ئوتتۇرا مەكتەپتە مەكتەپ مۇدىرى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.

ئۇنىڭ تۇنجى ئىجادىيتى 1987 - يىلى «قەشقەر گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان «كۆلكە» ناملىق تۇنجى شېئىرى بىلەن باشلانغان. شۇندىن بېرى «تارىم»، «شىنجاڭ ياشلىرى»، «تەڭرىتاغ»، «قەشقەر ئەدەبىياتى»، «يېڭى قاشتېشى»، «تۇرپان»، «كرورەن»، «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى»، «قەشقەر گېزىتى»، «ئاقسۇ گېزىتى»......قاتارلىق ۋىلايەت ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ھەر قايسى گېزىت - ژۇرناللاردا 150 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر، نەسرلىرى ۋە «شائىر ۋە ئۇنىڭ شېئىرىيەت دۇنياسى»، «شېئىرىي تىلنىڭ مەنا قاتلىمى»، «شائىر شېئىر يازغاندا»، «شېئىرىي يۈك»... قاتارلىق 10پارچىغا يېقىن ئەدەبىي ئوبزورى ئېلان قىلىنغان. 1992 - يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلغان «جانان بىلەن ئېيتقان ناخشىلار» ناملىق كوللېكتىپ شېئىرلار توپلىمىغا «ياشلىق تىلەكلىرى» سەرلەۋھە ئاستىدا بىر تۈركۈم شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن. 2000 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «قەشقەردىكى يەر شارى» ناملىق

كوللېكتىپ شېئىرلار توپلىمىغا شېئىرى كىرگۈزۈلگەن.

ئۇ يەنە ناخشا تېكىستى ئىجادىيىتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ، «ئۇ دۇنيا»، «بۇ دۇنيا»، «ئۇچراشقاندا»، «نىگارىم سەن»، «يار ئۈچۈن»، «ھايات گۈزەل»، «ئانا»، «كۈتىمەن سېنى»، «قىز توشقانغا ئوخشايدۇ»، «يىگىت ئارزۇسى»، «نورۇزنامە»، «ئايەم»....قاتارلىق بىر يۈرۈش شېئىرلىرى ياش، تالانتلىق كومپوزىتور، ناخشىچى ئابلەت ئابلىكىم تەرىپىدىن ئاھاڭغا سېلىنىپ ۋە ناخشا قىلىپ ئوقۇلۇپ ياشلار ئارىسىدا قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشكەن.

ئۇ ھازىر قەشقەر ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

# مۇندەرىجە


ھەسرەت سىگگەن تىنىقلار ........................ 1
ئەشئار پەرىسى ........................ 3
سۇۋادان تېرەكنىڭ مونولوگى ........................ 4
تاغ بېشىنى سىلايدۇ قۇياش ........................ 5
ھېسلىرىمغا ئىدراكىم كېپىل ........................ 6
شامالنىڭ قۇيۇنغا ئېيتقىنى ........................ 7
رۇبائىي ۋە پارچىلار ........................ 8
تىنچ كۆلگە چالما تاشلىدىم ........................ 11
يېشىل دالا كۈي تۆكەر يېشىل ........................ 12
بىر كۇپلېتلىق شېئىرلار ........................ 14
تۈگىمەس ناخشا ........................ 17
مۇھەببەت ........................ 19
بىر چاشقاننىڭ دېگەنلىرى ........................ 20
بۇ كەچ .... ........................ 21
بورانلىرىم قوزغاتسۇن سېنى ........................ 22
ئاق نان بېرىپ باقاي سېنى ........................ 24
نۇر ئۇۋاقلىرى ........................ 25
قېنى سەنمۇ كۈتۈپ باق مېنى ........................ 29
كۆڭۈل دېگەن زىل تاردەكلا زىل ........................ 30
جۈپ يۈرەك ........................ 31
ئېگىمدىكى ھېسلار ........................ 32
چۆگۈن قۇرۇق، تېپىرلايدۇ چوغ ........................ 34
ئۆگكۈر ........................ 35
قېتىپ قالدى قارىچۇقتا نىگاھ ........................ 36

ئۈمىدنى چاقىرىش ................ 37
يېشىل چۈش خاتىرىسى ................ 39
ھالسىرىغان كۆي ................ 41
ئېكۋاتور — ھىجران سىزىقى ................ 42
سۆكۈتلەرمۇ تۈندىن تۆرەلگەن ................ 44
چۈش سەھىرى ................ 45
باھاردا ئىزدىسەڭ بۇلبۇل ................ 46
ئۆتمۈشكە چاقچاق ................ 47
ھىجران ................ 49
مەن، چۈش، رېئاللىق ................ 51
قەشقەر ................ 53
باھار ................ 55
تەۋرىرۈك ئەيلىمە روزنىغارىمنى ................ 56
غۇۋا ھېسلار تۇغقان ئىستەكلەر ................ 57
ئانامسەن سەھرا ................ 59
تاتلىق ئەسلىمە ................ 61
ئاداققى كۆز، ئاداققى ھىجران ................ 62
يوقالغان ئىز، خائىن قۇرۇقلۇق ................ 64
نىگاھىمغا چۈشسۇن سۈرىتىڭ ................ 66
دوستۇمغا ................ 68
ئۆلۈمنامە ................ 69
دەرياغا تېز سىزما ................ 70
سوغۇق ئەسلىمە ................ 71
يۈرىكىمدەك ئوتلۇق بىر شەھەر ................ 72
بوۋاققا ................ 74
سەن بار ................ 75
شېئىرسىراپ كەتمىسۇن دۇنيا ................ 77

بۇ ئۆمرۈمگە يۈك بولسا كۈنۈم ........................79
كۆلۈمسىرەپ يىغلاش ........................80
غەزەللەر ........................82
ھەسرەتتەكلا تونۇش بىر قىزچاق ........................87
ئۆزۈمگە دىئاگنوز ........................88
ئۇمۇنۇش ........................90
ئۆلۈك تەبەسسۇم ........................91
قىز دوستى يوق نامرات شائىرنىڭ........................93
يىغلاشقۇ بىغىشلىما ........................94
سەن بەختىنىڭ ئۆزى بولساڭ گەر ........................95
سەرسان كەچمىش........................96
گۈل قەبرىسى ........................97
قورام تاش لىرىكىسى........................98
ۋەتەن ........................99
مەن قايتىدىن تۇغۇلسام ئەگەر ........................ 100
ئاستا - ئاستا ئادەم بولۇش ........................ 101
بىر قىزغا تېز سىزما ........................ 102
سېنى كەيپ قىلغۇم بار دۇنيا........................ 103
شائىرغا قوشۇمچە ئىزاھ........................ 104
بىنا شاملى ........................ 105
چېچەك شەھىرى........................ 107
ياشاشنىڭ كىچىككىنە سۈرىتى........................ 108
بويالغان چىنلىق ........................ 110
تۆت تام........................ 111
شام يورۇقىدا شېئىر يېزىش........................ 112
قېرىلىق........................ 113
سىيىت نوچى ........................ 114

غېرىبلىق ........................ 116
كۆتكەنچە ئىرادىگە كېلىش ........ 118
تەنھالىق، سەن يۇمران بىر قىز ........ 119
ئۇلجاڭ مەن ........................ 120
يۈلغۈندىكى يۈرەك (1) ........... 121
يۈلغۈندىكى يۈرەك(2) ............ 122
سۈنىك يۈزى سىلىقكەن ........... 123
ئۆركەش ياسار ساچىلىك مېھرىمدە ........ 124
پەرىشتە بىلەن ئېزىتقۇ ئارىسىدا ........ 128
ئەجەب ........................ 129
توغراق ناخشىسى ................ 130
سۆيەلمەيمەن .................... 131
يالغان ........................ 132
قىزىلگۈل ........................ 133

## شۇ بىقىشتا

باقىنىڭدا ماڭا قايرىلىپ،
دىلىم بەكمۇ كەتتى سۆيۈنۈپ.
قەپەسگە پاتماستى يۈرەك،
شۇ بىقىشتا قويساڭ گەر كۈلۈپ.

## چۈنكى ...

گۈل بەرگىگە سۆيگەندە شەبنەم،
گۈل سەسكىنىپ بولدى بەك زارە.
چۈنكى، گۈلنىڭ ئىشقىدا بۇلبۇل ـ
بولغان ئىدى يۈرىكى پارە.

## ھەسرەت سىگگەن تىنىقلار

تىنىقلىرىم يۇرايدۇ ھەسرەت،
خىيالىمدا سەن بولساڭ ئايان ـ
ھىجران ماڭا سالدى كۆپ كۈلپەت.
ئەركەم، سىنى كۆرىمەن قاچان؟
ھەسرەت سىگگەن تىنىقلىرىمنى.
شامالLارغا قويىمەن قوشۇپ.

ئەگەشتۈرۈپ سەنمۇ شامالغا،
تىنىقىڭنى قويغىن ئۈزىتىپ.

ھەسرەت بارمۇ ۋە ياكى بەخت،
تېز ئەۋەتكىن، مەن قۇچاق ئاچاي.
پۈرىغاندا تىنىقلىرىڭنى،
قىسمىتىڭدىن كۆلەي يا يىغلاي.

## ئالما

بىر ئالمىنى ئاتتىڭ گۈزىلىم،
نازاكەتتە ماڭا قارىتىپ.
مەن ئالمىنى تۇتۇپ لەۋ ياقسام،
يۈزۈڭ چوغدەك كەتتى قىزىرىپ...

## قايغۇسىمۇ باھار ئىكەن جانانىڭ

گۈلباغ ئىچرە بىر گۈزەل دىلدار،
گۈلنى قايرىپ كۆرسەتتى دىدار.
قىزنىڭ ھالى شۇنچە ئەلەملىك،
مۇڭلۇق قەلبى قايغۇغا ئەسرا.
قايغۇسىمۇ جانانىڭ، لېكىن
ماڭا گويا بىلىندى باھار...

1987 - يىل 4 - ئىيۇل، مارالبېشى تومشۇق

# ئەشئار پەرىسى

تۈن پەرىسى يايسا ساچىنى،
قاراڭغۇلۇق سۈرمەكتە ھۆكۈم.
ھەممە كەتكەن شېرىن ئۇيقۇغا،
بىراق مېنىڭ ئوينار يۈرىكىم.

بىراق مېنىڭ ئوينار يۈرىكىم،
ئىلھامىمنى ئۈندەپ ۋايىغا.
مىسرا پۈرار ئۇتلۇق تىلىكىم،
ئىزگۈ كۈيۈم كەتكەن ھەر ياققا.

ئىزگۈ كۈيۈم كەتكەن ھەرياققا،
تەپەككۇرۇم ھەمراھتۇر ماڭا.
ئاھ ! سۆيگۈنۈم ئەشئار پەرىسى،
مەن يېتەرمەن قاچان ۋىسالغا.


1987 ـ يىل 10 ـ دېكابىر، مارالبېشى 51 ـ تۈەن

# سۇۋادان تېرەكنىڭ مونولوگى

(مەسەل)

مەن ھەممىدىن بولغاچ بەك ئېگىز،
(گويا كۆككە قادالغان بىگىز)،
كۆرۈنىمەن ھەيۋەتلىك ئۆزۈم.
كۆرمىگەننى كۆرىدۇ كۆزۈم.
ۋە ھەممىگە ئۆتىدۇ سۆزۈم.
شۇڭا ئەلدە باردۇر چوڭ يۈزۈم.
مەن ھەم چەبدەس، قاۋۇل بولغاچقا،
چەكسىز قۇدرەت ـ كۈچكە تولغاچقا،
دۇچ كەلسەم گەر رىيازەتلەرگە،
باش ئەگمەيمەن مۇشەققەتلەرگە.
شامال چىقسا يوقتۇر پەرۋايىم،
بوران چىقسا ئۆرلەر ئەرۋاھىم ...

1989 ـ يىل 25 ـ ماي، مارالبېشى 44 ـ تۇەن



# تاغ بېشىنى سىلايدۇ قۇياش

يۈكسەكلىكتە تەڭدىشى يوق تاغلارنىڭ،
بۈيۈك قەددى كۆككە هامان تىرىلەر.
مەغرۇر چوققا قۇياشقىلا تەلمۈرۈپ،
قۇياش بەرگەن زەر نۇرلاردىن سۆيۈنەر.
بۈيۈك قەددى كۆككە هامان تىرىلەر.

كىچىكىمدە دەيتتىم «تاغلار نېمىشقا،
بوينى تالماي دائىم كۆككە قارايدۇ؟»
چوڭ بولغاندا ئەقىل تېپىپ بىلدىمەن،
چۈنكى قۇياش تاغ بېشىنى سىلايدۇ،
شۇڭا تاغلار دائىم كۆككە قارايدۇ.

1989 - يىلى ئاۋغۇست، مارالبېشى 44 - تۈەن



# ھېسلىرىمغا ئىدراكىم كېپىل

ئىزگۈ تۇيغۇ مەۋجىدە قەلبىم،
مېنى دائىم تارتار سوراققا.
«تېرىق كەبى چېچىلغان ھېسلار،
نىچۈن يولسىز كېتەر يىراققا؟»

ھېسلىرىمدىن ئەنسىرىمە قەلبىم.
ھېسلار شۇنداق سەيلىگە ئىجىل.
چىقسىمۇ گەر ئۇلار ئەرشكە،
ھېسلىرىمغا ئىدراكىم كېپىل.

1989 ـ يىلى ئىيۇن، مارالبېشى 44 ـ تۇەن



# شامالنىڭ قويۇنغا ئېيتقىنى

بولدى تازا كۆلكىلىك گەپ
مېنى ساراڭ دېگىنىڭ .
سۆزۈڭگە زىنهار
ئىشەنگۈسى كەلمەس ھەممىنىڭ.
سۈرۈشتۈرسەك ئىشنىڭ تەكتىنى
ساراڭ دېگەن سەنغۇ ئەسلىدە :
قىشتىن قورقۇپ،
ئىللىسا جاھان
بىر ئىزىڭدا چۆرگىلەيسەن تىنماي
(ساراڭ بولغاچ)
بېشىڭمۇ قايماي
باھار پەسلىدە .

ھەي قۇيۇن تاز
ساراڭ دېگەن كىمكەن ئەسلىدە
سەن شۇنى بىلىپ قوي:
مەنچۇ،
مەن بوراننىڭ پۇشتى ـ نەسلى ـ دە؟. . . . !

1989 ـ يىلى ئاۋغۇست، مارالبېشى 44 ـ تۈەن

## رۇبائىي ۋە پارچىلار

1

ئاچچىقلىنار مەي ئىچسەم ئانام ،
تەتۈر سويار تېرەمنى دادام .
خالىيدىمۇ ئىچمىسەم مەينى ،
ساقىيامتى بۇ يۈرەك يارام ؟!

2

دېدى بىرسى : ئاخشام ئىچكەن مەي
بۈگۈن ئەجەب چىشلىۋاپتۇ ،«ھەي!»
پاكپاكىزە سۈمۈرۈۋېتىمەن ،
ماڭا كەلتۈر چىشلەيدىغان مەي !

3

يارىم بىلەن گەپلەشمەي تۇراي ،
ماي تارتىشقان ، ئەپلەشمەي تۇراي.
بۇ دەم ياردىن ئۆتتى سەۋەنلىك ،
دەمدىكىن تاڭ:«كەچۈرۈم سوراي!»

4

مەن ئادەم، نەسلىممۇ ھەم شۇنداق ئادەم ،
پەخىرلىك سېزىمەن ئادەملىكىمنى .
ھاياتىم ئەجرىمدىن تاپقاچقا مەنە ،
ئۇنتۇپ قالمايمەن قىممەتلىكىمنى .

5

سەن ھىجايساڭ كۇلدى دەپتىمەن ،
جان تالاشساڭ ئۆلدى دەپتىمەن .
كۇلمىدىڭ يا ، ئۆلمىدىڭ پەقەت ،
بۇ ھالىڭغا ھەيران قاپتىمەن .

6

يەتسىمۇ گەر پەلەككە بېشىم ،
ئاي شارىغا چىقسامۇ ئەگەر .
زېمىن بەرگەن سۆيگۇ ـ مۇھەببەت ،
يەرگە مىڭ ـ مىڭ سالدۇرار نەزەر .

7

ياشىيالماس ھاياتتا ئادەم ،
ئەلنى سۆيمەي ئەلسىز ـ ۋەتەنسىز .

كىمكى چۈشسە ئەل نەزەرىدىن،
ئۇنىڭ ئۆمرى شەكسىز بەختسىز.

8

ھايات قايناق، ھايات شېرىن، ھايات ئوتلۇق ،ھايات جۇشقۇن،
ھاياتقا جۇش ئۇرۇپ سۆيگۈم ياسايدۇ بىر قىيان دولقۇن.
ھايات قىممەت ، ھايات پارلاق ، ھاياتتۇر بىر بۈيۈك غايە،
ھاياتنىڭ ئىشقىدا دائىم يۈرەكتە مەۋج ئۇرار يالقۇن.

9

ھايات شۇنداق رەھىمسىزمىدۇ،
سۆيگەنلەرنى ئالامدۇ چەتكە.
ئۆزگىلەرنى كۆيدۈرىدىغانلار،
ئىگىمىدۇ شۇنداق ھۆرمەتكە.

1989 ـ يىلى سېنتەبىر، مارالبېشى 44 ـ تۈەن

# تىنچ كۆلگە چالما تاشلىدىم

تىنچ كۆلگە چالما تاشلىدىم،
سۇ بېتىدە سانسىز چەمبىرەك.
چەمبىرەكنىڭ كېڭىيىشىگە،
ئۈمىد باغلاپ تۇراتتىم دېمەك.

تىنچ كۆلگە چالما تاشلىدىم،
قىرغاق تامان كېڭەيدى چەمبەر.
چەمبەر ئىچرە قورشالغان سۆيگۈم،
كېڭەيدى دەپ كۈلدۈم شۇ قەدەر.

تىنچ كۆلگە چالما تاشلىدىم،
ئەپسۇس يەنە تارايدى چەمبەر.
ئاھ، نەلەردە يۈرىدىغاندۇ،
ھەسرەت چېكىپ بەختسىز دىلبەر؟....!

1990 ـ يىل 13 ـ سېنتەبىر. مارالبېشى 44 ـ تۈەن

# يېشىل دالا كۈي تۆكەر يېشىل

يېشىل تۇسكە كىردى تەبىئەت،
يېشىللىقى گۈلگۈن مەنزىرە.
باھار تۇغقان مەخمەل ھېسلىرىم،
ياپراقلاردا قىلىدۇ جىلۋە.

قىيغىتىدۇ چەكسىز ئېكىنزار،
كۆزنەكلەرنى چەككەندە مەيىن.
يېشىل چۈشكە مۇشتاق ئاھ ئورمان،
چىقىپ بەرسە مۇشۇنداق سەلكىن.

توقۇلىدۇ ياپراقلار ئارا،
گۈلباھارغا ئاتىغان قوشاق.
ئارزۇلىرىم سۆيگەن گۈل-چېچەك،
شۇنچە ئۆزكى- نېلۇپەر سىياق.

تاۋلىنىدۇ يېشىللىق ئۆزرە،
يېشىل رەڭدە ھەربىر خەس-گىياھ.
يېشىللىقتىن كۈلگەن مەۋجۇدات،
تارقىتىدۇ يېشىل نۇر-زىيا.

چەكسىز دالا كۆي تۆكەر يېشىل،
يېشىللىقتا پۈركەنگەن ئالەم.
سۈرەت كەبى يېشىللىق سۈلكەت،
گۈزەللىكتە بۈندا بولغان جەم.

1990 ـ يىلى دېكابىر، مارالبېشى 44 ـ تۈەن



## بىر كۇپلېتلىق شېئىرلار

### مېۋىسىز دەرەخ

قۇرىغان شاخلىرى تۇرىدۇ مەغرۇر ،
ساباغا ماختىنىپ مېۋىسىز دەرەخ .
ئويلىدىم : ھاياتتا ياشار بەزىلەر
مېۋىسىز دەرەختەك ،
ھالى «ۋادەرخ».

1990 ـ يىل 25 ـ دېكابىر، مارالبېشى 44 ـ تۇەن

### تەڭسىزلىك

يۈگىنىدۇ نۇر تالاسىغا ،
ئېچىرقىغان بىر باغلام ئۇمىد .
يوشۇرۇنغان دىل يارىسىغا .
ھىجران ھىدى پۇرىغان سۇكۇت .

### غا ...

كۆرۈنسەڭمۇ كۆزۈمگە بىرە،
كۆرۈنمىگىن ھەرگىزمۇ خىرە.

1993 ـ يىل 5 ـ ئاپرېل. قەشقەر

## شەبنەم

تۇنگەنتى ياپراق بەرگىدە ،
شېرىن چۇش كۆرۈپ.
تۇغقىنىدا ئۇپۇق زەر قۇياش،
قالدى ئۇ ئۆلۈپ.

1991 ـ يىل 25 ـ دېكابىر. مارالبېشى تومشۇق

## كەمتۈك ناخشا

ياڭراپ تۇرار ساھىلدا ناخشا ،
تېكىستلىرى دولقۇنغا يەمچۈك .
لەيلەپ يۈرەر ساددا مۇزىكا ،
بىراق ئۇندا بىر ئۇدار كەمتۈك .

1993 ـ يىل 20 ـ دېكابىر. قەشقەر

## ساھىل

دولقۇن ياساپ ئاقىدۇ دەريا.
شاۋقۇنىدا تۇنەر ئۇ يالغۇز.
كۆزى داۋام ياش يۇقى. ئەمما
سېغىنىدىمۇ ۋە ياكى يالپۇز؟

1993 ـ يىل 20 ـ دېكابىر

# ھەقىقەت يىلتىزى

ھەقىقەتنى
بىر يىلتىزسىز دەرەخمىكىن دېمەڭلار
ئۇنىڭ يىلتىزىنى
ھەقىقەتنى ياقلايدىغان ئىنسانىنىڭ
ئاتەش كەبى پاك يۈرىكىدىن ئىزدەڭلار .

1997 - يىل 3 - دېكابىر، مارالبېشى 44 - تۈەن



# تۆگمەس ناخشا

(تېيپچان ئېلىيېفنىڭ شۇ ناملىق شېئىرىغا تەقلىد)

ھەر ئاخشىمى
شۇ كوچىدىن ئەگىپ كېتەلمەي،
مەن ئېيتىمەن تۆگىمەس ناخشىنى.
كۆيگە قېتىپ،
چىن سۆيگۈنى سۆيگەن ياخشىنى.
ماڭا ئايان (ھەممىگە ئايان)
بۇ ناخشىنىڭ تۆگىمەسلىكى،
شۇنداقتىمۇ ئېيتىمەن يەنە.
بار ئاۋاز بىلەن،
مۇھەببەتنى قىلىپ تەنتەنە.

بۈگۈن،
ئۆتتۈم يەنە ئاشۇ كوچىدىن
ناخشامدىن ئېھ، سۆيگۈ چاچرىتىپ.
ناخشام.
ئۆتتى يېنىك دېرىزە چېكىپ...
بىراق،
«ساراڭمۇ سەن ئۇخلىمايدىغان
قانداق ناخشا بۇ تۆگىمەيدىغان»
دەپ كايىپمۇ كەتمىدى بوۋاي.

ئىشىكنى ئېچىپ،
تالاغا چىقىپ .
ئويلاندىم :
نېچۈن سىرتقا چىقمايدۇ بوۋاي؟
ئاچچىقىدا سۆزلەپ- چېچىلىپ؟!
توغرا،
مېنىڭ
شۇنداق «تۈگىمەس ناخشا» مىنى ئاڭلاپ،
بوۋايمۇ،
بەلكىم
ياشلىقىنى قالغاندۇ ئەسلەپ.
شۇڭا
كايىشمۇ قالغاندۇ پەسلەپ.


1991- يىل 21- يانۋار، ئاقسۇ



# مۇھەببەت

كۈلمىدىڭ
خىيال سۈرۈپ قالدىم مەن پەقەت.
كۈلدۈڭ
دىل ئاسمىنىم يورىدى قەۋەت.
يىغلىدىڭ ھەم
كۆز يېشىڭغا بولدۇم مەن ھەمدەرد.
بىلدىم:
شاد ـ قايغۇغا ھامىلدار ئىكەن
بىز كېچەلىگەن ئۇلۇغ مۇھەببەت.

1991 ـ يىل 23 ـ مارت، مارالبېشى 44 ـ تۈەن



## بىر چاشقاننىڭ دېگەنلىرى

كۈنۈم ئۆتەر ھەر ۋاقىت
تامنىڭ ئۈلى تۆشۈكتە .
چىقسام سىرتقا پەملەيمەن
كۆزۈم نىجىس مۈشۈكتە .

ئوغرىلىقچە ياشايمەن
بۇ مېنىڭكى ئادىتىم .
شۇنداق جاھان تۇتمىسام
قايدىن كېلەر ئامىتىم ؟

خەقلەر دەركەن چالۋاقاپ،
مېنى تېخى :«يۈرىكى يوق،
بۇنداق تەييار تاپلارنىڭ
بۇ ھاياتتا كېرىكى يوق.»

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىسام ،
قورسىقىم بەك ئېسىلار
ئاشۇ گەپنى دېگەنلەر ،
نا ئەھلىلەر، تەلۋىلەر .

1991 ـ يىل 23 ـ مارت. مارالبېشى 44 ـ تۈەن

## بۇ كەچ ....

بۇ كەچ
يۇلتۇزلارمۇ جىمىرلىمىسۇن ،
تولۇن ئايمۇ ئۈزمىسۇن كۆكتە .
چىقمىسۇن ھەم تۇن سەلكىنىمۇ ،
يوپۇرماقلار پىچىرلاشمىسۇن .

بۇ كەچ
ئاڭلانمىسۇن قۇشلارنىڭ ئۈنى ،
جىبسەكچىدەك تۇرمىسۇن دەرەخ .
تەنھالىقىم مۇقەددەس ماڭا ،
ئەرزان بولسىمۇ ئازابنىڭ خۇنى .

بۇ كەچ
ئۆزلىشىمەن چەكسىزلىكىمدە ،
ئىزدىگەنچە ئۇمىدنى ، روھنى .
يىپىنچا بوپ ئوماق سۆيگۈگە ،
سىلكىنىدۇ سۇكۇت قانىتى .

1991 ـ يىل 24 ـ مارت. مارالبېشى 44 ـ تۇەن

## بورانلىرىم قوزغاتسۇن سېنى

تۇن كېچىنى لەرزىگە سالار ،
مەن مۇڭلىنىپ ئېيتقان شۇ ناخشا .
سەن چىقمىدىڭ (مەن بەك ئىنتىزار) ،
ناخشىلىرىم دېرىزەڭ قاقسا
مەن مۇڭلىنىپ ئېيتقان شۇ ناخشا .

ئېيتقىنىدەك ئەللەينى ئانا،
ئۇخلاپ قالما ، ناخشا ئېيتماي بەس.
ناخشا ئېيتىپ قىيتىمەن خاتا،
باسمىسۇن ئاھ ، ئۇخلاپ سېنى نەس.
ئۇخلاپ قالما، ناخشا ئېيتماي بەس.

تىنىقىمدىن شامال چىقىراي،
تۈگۈلۈكىڭدىن كىرسۇن ئۆيۈڭگە.
شامالىرىم گۈزەل ئاي چىراي،
سۆيسۇن قېنىپ، سۆيسۇن يۈزۈڭگە،
تۈگۈلۈكىڭدىن كىرسۇن ئۆيۈڭگە .

شامالىرىم سۆيسۇن سېنى،
بەلكىم يەنە ئۇخلارسەن شېرىن.
ئەلپازىمنى بۇزمىسام قېنى ،
كۆپ ئۇيقۇغا زورلايدۇ سەلكىن ،
بەلكىم يەنە ئۇخلارسەن شېرىن.

مەن ھۆركىرەپ چىقىراي بوران،
بورانلىرىم قوزغاتسۇن سېنى.
بىساتلىرىڭ بولغاندا خازان،
سەن تالاغا چىقىپ كۆر مېنى،
بورانلىرىم قوزغاتسۇن سېنى.

1989 ـ يىل 23 ـ مارت، مارالبېشى 44 ـ تۈەن



## ئاق نان بېرىپ باقاي سېنى

مۈشۈك، مۈشۈك ئەي مۈشۈك،
سېنىڭ ئۈچۈن غەنىيمەت.
چاشقان بار تۆشۈك.

ساڭا ئېيتاي:
تۇتقىن چاشقاننى،
تۈيغۇنىڭدا قورساق ئاچقاننى.
قالما تۇتالماي،
كۆز ئالدىڭدىن قاچقاننى.

ھوشيار بولغىن تۇت تۇگەت،
يەر شارىدا قۇرۇسۇن چاشقان.
غەم قىلمىغىن شۇ چاغ سېنى،
باقاي بېرىپ يۇمشاق ئاق نان.

1991 ـ يىل 27 ـ مارت، مارالبېشى 44 ـ تۇەن

## شائىر

شائىر
ئەمەسمۇ ئۇ
روھ جىلغىسىدا ئوۋلاپ يۈرگەن شىر؟...!

## ئىلتىجا

تىلسىز كېچىلەر ،
قەدرىم ئاشسۇن دېسەڭلار
شۇ پېتىچە تىلسىز قېلىڭلار !!!......

## غالىب ئىشەنچ

ئىشەنچىم
گۇمانىمنى كېلىدۇ قوغلاپ.

## ئۇۋاقلار

1

گۈل بەرگى
ۋىسالنى بىرىپ شەبنەمگە
بۇلبۇلدىن ۋاز كېچەمدىكىن ؟!

2

بىر قۇش
شاخلارغا
سۆزلەپ بېرىپ چۈشىنى،
قويدى يىتتۇرۇپ ئېسىنى .

## ماۋزۇسىز

چۆل
سېغىنىپ بوستان
ئارمانسىرايدۇ ،
بوستان
كۆز غېمىدىن
يىغلامسىرايدۇ .

## گۈگۈم

1

كۆكۈچ پەردە ئىچىدە
يۆكۈنۈپ ئۇخلاپ
چۈشەكەيدۇ كەچ .

2

تۇمان
خىرە ـ شىرە كۆرۈنۈپ كۆزگە
كىمدۇر بىرى
تۈن قوينىغا ئاتتى ئۆزىنى .

## سۈكۈت

بوشلۇقىدا جىمجىتلىقنىڭ
ئۇچقۇم كېلەر
قاناتلىرى بوغقۇچلانغان ،
بىر قۇش بولۇپ.

## ئەلچى شامال

خەت يازىمەن
ئەقىدەمنى كونۋېرتقا سېلىپ،

چاپلايمەن
يۈرىكىمنى ماركا قىلىپ .
سالاملىرىمنى،
ساڭا يوللاپ بولغۇچە
ئەلچى شامال قاچىدۇ ئېلىپ .

## ھەيرانلىق

شامالسىزمۇ تەزىم قىلىپ تال،
مېنى ھەيران قالدۇردى بۇ ھال.

## ھىلال ئايغا

ھىلال ئاي
ئۆزۈڭ تولۇن بولغىچە
نە قىسمەتلەر ئۆتتى بېشىڭدىن؟...!

1991 - يىلى مارت، مارالبېشى 44 - تۈەن

## قېنى سەنمۇ كۆتۈپ باق مېنى

هەر قېتىمدا مېنى كۆت دەيسەن،
مېنى هەرگىز كۆتمەيسەن بىراق.
قېنى سەنمۇ كۆتۈپ باق مېنى،
كۆتۈش دېگەن بولاركىن قانداق؟

قېنى سەنمۇ كۆتۈپ باق مېنى،
يوللىرىمغا بولۇپ ئىنتىزار.
مەنمۇ قالسام بىر ئاز كېچىكىپ،
بولارسەنمۇ كۆتۈشتىن بىزار.

1991 - يىل 15 - ئىيۇل. مارالبېشى 44 - تۈەن




## كۆڭۈل دېگەن زىل تاردەكلا زىل

كىرپىكىڭگە ئىلىناشقان سۈرەت،
قارىچۇقۇڭدا قاپتۇ ئۈيۈشۈپ.
ئېتىبارغا ئېلىنغان سۆلكەت،
ئۆز رەڭگىدە قاپتۇ تويۇنۇپ.

مەيۈسلۈكتە ئاغرىمىسۇن دىل،
نىگاھىمدا قۇياشتەك پارلا.
كۆڭۈل دېگەن زىل تاردەكلا زىل،
قەھرىڭ سىڭگەن زەخمەكتە چالما.

1991 - يىل 19 - سېنتەبىر، مارالبېشى 44 - تۈەن



## جۈپ يۈرەك

تىنىقىمدا تىنىقلىرىڭ بار،
كۆز يېشىمدا ئۆكسۈشلىرىڭ ھەم .
قىلىقىمدا قىلىقلىرىڭ بار،
كۈلۈشۈمدە كۈلۈشلىرىڭ ھەم.

بىر ئىستەكتە سوقار جۈپ يۈرەك،
قەدىمىمىز ئەمەس رىتىمسىز.
بىر مەنزىلنى قىلىمىز كۆرەك،
تېپىرلايدۇ يۈرەك تىنىمسىز.

1992 ـ يىل 16 ـ فېۋرال، مارالبېشى 44 ـ تۈەن



# ئېگىزلىكى ھېسلار

1

مەن سىرىمنى بەردىم دېڭىزغا
دېڭىز ــ
قويدى ماڭا كۆرسىتىپ
بىر كۆرەڭ دولقۇن .

2

چاقىرىدۇ مېنى بىر ناخشا
رىتىمىدە ــ
يۈرىكىمنىڭ سوقۇشلىرى بار .

3

ھىجران
پىرقىرايدۇ
سەرسان سۆيگۈ چەمبىرىكىدە
باش ئاغرىقىدەك .

4

دولقۇنلارغا بۆلىنىپ
مەن كېلىمەن ئۇندا چايقىلىپ .
دولقۇنلار ــ
ئىشەنچ سىڭگەن جاسارىتىمنى
ئوتلۇق تىلەك ـ ساداقىتىمنى
شاۋقۇن سالار كۇيگە قېتىپ .

5

كېچىلەرنى بوغۇزلاپ
قەتلى قىلسام ھېسلىرىمنى قېنىمدا
شېھىت كەتكەن ئەرۋاھلار
قەبرىسىدىن تىرىلىپ قوپۇپ
تەكلىپ قىلدى قۇياشنى گۆرگە .

1992 ـ يىلى مارت، مارالبېشى 44 ـ تۆەن


## چۆگۈن قۇرۇق، تىپىرلايدۇ چوغ...

چوغدا چۆگۈن قويۇقلۇق،
سۇ قاينايدۇ چۆگۈندە.
قاينايدۇ،
قاينايدۇ،
قايناپمۇ سۇ تاشمايدۇ.
يالىلدىغان چوغنىڭمۇ،
تەپتى بارتى بولمىسا .

چوغدا چۆگۈن قويۇقلۇق،
سۇ قاينايدۇ چۆگۈندە .
سۇ قايناپ
سۇ قايناپ
سۇمۇ تۈگەپ چۆگۈندە،
چۆگۈن قالدى قۇرۇقلا.

چوغ
يالىلدايدۇ تەپتى بەك ئۇلۇغ.
لېكىن،
چۆگۈن قۇرۇق ،
تىپىرلايدۇ چوغ ...

1992 ـ يىل 4 ـ مارت، مارالبېشى 44 ـ تۈەن



# ئۆتكۈر

ياتىسەن،
ئەسىرلەردىن ئەسىرلەر ئۇزاق،
قاپتىلىدا تاغلارنىڭ
بىر تاشلاندۇق كەپىدەك.
شېھىت كەتكەندىمۇ
ساڭا مەھكۇم بولغان ھېكمەت - سىر؟
چۆككەندىمۇ ساڭا
جاۋابى يوق تەگسىز سوئاللار؟

1992 - يىل 1 - ئاپرېل. مارالبېشى 44 - تۈەن



# قېتىپ قالدى قارىچۇقتا نىگاھ

تۇنەپ چىقار قىرتاق ھېسلىرىم،
ھۇجراڭنىڭ روجەكلىرىدە.
پەردە قايرىپ ئاۋارە كۆڭلۇم،
ۋىساللارنىڭ ئىستەكلىرىدە.

بىر ئىزگۇ كۈي بارار تارىلىپ،
چەكسىز ئۇپۇق، كەڭلىكلەر تامان.
ھىجرانلاردىن پىغان يارىلىپ،
يۈرەكلەرنى تۇتىدۇ ماكان.

شۇڭغۇپ دىلغا نۇر ئېقىمىدەك.
گەۋدىلىنەر بىر نۇرلۇق سىما.
دىدارلىققا قويۇلغاندەك چەك.
قېتىپ قالدى قارىچۇقتا نىگاھ.

1992 - يىلى ئۆكتەبىر، قەشقەر

# ئۈمىدنى چاقىرىش

يەرشارىنىڭ يىراق بىر چېتى،
مەن ئۇ يەردىن خېلىلا نېرى.

* *

يىراقلايسەن كۆز ئالدىمدىلا،
نۇر ئوغرىلاپ يىتكەن ئۈپۈقتەك.
كۆرۈنىسەن گاھى بەك زاھىر،
كۆز ئالدىمدا گويا سەن باردەك.
يوقىلىسەن (بولىسەن غايىب)،
تۇندە غىل-پال چاقناپ چېقىندەك.
گاھى ئاۋۇپ قالىسەن بىردىن،
گۈگۈمدىكى يۇلتۇزلارسىمان.
گاھى قېتىپ قالىسەن زومچەك،
ئۈپۈقلارنىڭ گىرۋەكلىرىدە.
گاھى بويۇن قىسىپ قالىسەن،
قىش كۈنىسى تالادا قېلىپ،
توڭلاپ قالغان يېتىم بالىدەك.

كەل يېنىمغا نومۇسچان ئۈمىد،
شەلپەر كەبى قىزارمايلا كەل.

قالماي سەندىن مەنمۇ نا ئۈمىد.
سېنى چوقۇم رازى قىلغۇدەك،
يالغان ئەمەس ھەممە نەرسەم تەل.

زېرىكتۈرۈپ قويمايمەن سېنى،
قىزىق-قىزىق چۆچەكلىرىم بار.
راست گەپ قىلسام، بالىلىقىمدا،
ئېھ ئوينىغان ئۆچەكلىرىم بار.

كەل يېنىمغا نومۇسچان ئۈمىد،
تېگىشىمەن سېنى جېنىمغا.
شۇ ھال كەبى بەخت رەڭ بولۇپ،
سىڭىپ كىرگەن تومۇر قېنىمغا.

1992-يىل 16-ئۆكتەبىر، قەشقەر



## يېشىل چۆش خاتىرىسى

كۆي ئەۋجىدە تۈگە ئۆركىشى

چۆشلىرىمنىڭ يۇلتۇزلىرى بار،
لەپىلدىگەن ھېكمەت تۇغىدا.
ئېھ قەدىمىي زەر نۇرلىرى بار،
بارخانلارنىڭ خان ھۇزۇرىدا.

قەدىمىي چۆش، قەدىم خارابە،
قەدىمىي ئىز ، قەدىمىي شامال.
قەدىمىي يول ، قەدىم ئېزىنقىش .

چەكسىزلىككە سوزۇلغان قۇملۇق،
تەپتىدە بەك قىزىغان قۇياش.
رەڭ تالاشقان ھەسەتخور ئۇپۇق،
توي قىلمىغان ئۇياتچان قىزدەك،
بولۇپ قالدى قان بىلەن رەڭداش.

ئىچكەنمىكىن ئۇيقۇ دورىسى،
ئەسىرلەردىن ئەسىرلەر ئۇزاق.
پۈشۈقۈنۈپ ياتىدۇ ھالسىز.
ئەللىيىدە بىر نۇرلۇق دۇنيا،
ئەتىلا كۆلۈپ باقىدىغاندەك.
يېشىل چۆشكە بولۇپ ئۇ مۇشتاق.

ئۈچۈپ يۈرەر ئېرىققان قۇشتەك،
شامالللاردا ئاجىز شىۋاقلار .
يۇلغۇنلارنى دالدا قىپ ماراپ،
سايىسىدىن قاچقان توشقاننىڭ.
ئىزى ئۈچۈپ كېتەر بىۋاقلا.

تۆگىلەرنىڭ قەدىم ئىزىدىن،
ئۇچۇپ كېلەر قوڭغۇراق ئۈنى.
كاۋىكىدا قېرى توغراقنىڭ،
مارىلايدۇ بوۋام ئارمىنى.
ئىزلىرىدا كارۋان يولىنىڭ،
ئۈنلەپ بارار كولدۇرمىسى.

ئەجەب يارقىن ئىزنا پۈكۈشكەن ،
خارابىنىڭ ئويغاق قىسمىسى .
بوشلۇقىدا چەكسىز بارخاننىڭ ،
لەيلەپ يۈرەر يېشىل چۈشلىرى .

1992 ـ يىل 18 ـ ئۆكتەبىر، قەشقەر

## هالسىرىغان كۆي

مۆگدەكلەرنىڭ يېپىنچىسىدا،
ئۇخلار ئىدىم بولۇپ بۇرۇقتۇم.
ئىستەكلەرنىڭ يېلىنجىسىدا،
سەگەك تۇرۇش بولغانتى ئۇدۇم.

هاياتلىقنىڭ ئۆتەڭلىرىدە،
ئارمانلارنىڭ قالار جەبرىسى.
سەۋدالىقنىڭ ئىسكەنجىسىدە،
كۆيلىرىمنىڭ تۈگەر سەۋرىسى.

1992 ـ يىل 13 ـ نويابىر. قەشقەر



## ئېكۋاتور ــ ھىجران سىزىقى

سېغىنىشنى كىم قىلماس خۇمار
مېنى شۇنداق سېغىندۇرغان كىم ؟
مەنمۇ بولسام سېغىندۇرغىنى
ئۆزگىنى كۆپ سېغىندۇرمايتتىم .

*　　　　*

لەيلەپ يۈرەر تىنىقلىرىمىز
ئىككى قۇتۇپ بوشلۇقلىرىدا
رەڭلەنسىمۇ ئاسمان ئۇپۇقى .
ئارىلىقىدا بار پاسىل تامدەك
بىزنى بەكمۇ يىراقتا قويغان
سېغىنىشقا چەك ـ توسۇق قويغان،
ئېكۋاتور ــ ھىجران سىزىقى .

مەندە باردۇر سىقىلغان يۈرەك
سەندە باردۇر قىسىلغان يۈرەك
بۆلەنگەن ھەر ئىككى يۈرەك :
يۇلتۇز تۇنگە بۆلەنگىنىدەك .
ئېھ، ھىجراننىڭ نۇر يۆگىكىگە .

چۈمۈلىدەك تىمىسقىلاپ يۈرەر،
ئارمانلارنىڭ بوسۇغىسىدا.
بويۇن قىسىپ يېتىم بالىدەك،
مەنىسىنى تاپالماي تىلەك.

مەن يۈرىمەن ئېكۋاتور بويلاپ ،
سېنى ئىزدەپ ،
سەن يۈرۈپسەن ئېكۋاتور بويلاپ
مېنى ئىزدەپ ،
دېمەك
بىزنى ئۇچراشتۇرماس پاراللېل سىزىق.

1992 - يىل 10 - دېكابىر، قەشقەر



## سۈكۈتلەرمۇ تۈندىن تۆرەلگەن

قەتلى بولغان تۈتۈرۈقسىز چۈشلەر،
تۈمان ئىچرە چەكتى ئىزتىراپ.
سەۋدالىقنىڭ ھامىيسى كۈنلەر،
قۇياش كۆرمەي كەتتى نۇرسىراپ.

بۇلۇڭلاردا مۈگدەر يېتىم نۇر،
سىياقلارنىڭ چۈشمەس شولىسى .
تىلەكلەردىن تېپىلمەس قۇسۇر،
ئارمانلارنىڭ قاينار ئوغىسى.

ياپراقلاردا تۈنىمەس شەبنەم،
ھىلالىنىڭمۇ سۈلكىتى ئۆڭگەن.
تەم يوقاتقان ئابى ھەم زەمزەم،
سۈكۈتلەرمۇ تۈندىن تۆرەلگەن.

1992 ـ يىل 25 ـ دېكابىر، قەشقەر

## چۈش سەھىرى

ئۆخلاپ ياتار كۆزۈڭدە غەپلەت،
باغرىڭ خۇددى غەپلەت دۇنياسى.
قۇياشى يوق ئاشۇ غەپلەتنىڭ،
بولۇپ قالسام دەيمەن قۇياشى.

مېنىڭدىنلا باشلانسا سەھەر،
نۇر ئىلكىدە ياشنىساڭ گويا.
چۈشەكتىكى مەسۇم-يۇمران قىز،
ھۇجراڭ سېنىڭ خالىي بىر دۇنيا.
ئويغانسۇن دەپ سۈت ئۇيقۇسىدىن،
ۋۇجۇدۇڭغا تاراتتىم زىيا.

ئەجەب سۆزۈك، تىلسىم چۈش كۆردۇم،
تۇردى كەتمەي ھەرگىز لايلىنىپ.
بۆسۈپ كىرسەڭ چۈشۈمگە ئەي قىز،
كېتەرسەنمۇ چۈشكە ئايلىنىپ.

چۈشكە بەكمۇ ئوخشايسەن ئەي قىز.
ئاشۇ چۈشكە بولاي مەن سەھەر.
دېرىزەڭدە تۇردۇم تۈن بويى،
ماڭا ئاچقىن، كۆز ئاچساڭ ئەگەر.

1993-يىل 9-يانۋار. قەشقەر

## باھاردا ئىزدىسەڭ بۇلبۇل

باھاردا ئىزدىسەڭ بۇلبۇل ئۇنى ئىزدە گۈلىستاندىن .
ئاشۇ يەڭلىغ تاپارسەنكى ھۇۋقۇشنى چۆل- باياۋاندىن .

مەگەر يانتاقنى بىر گۈل دەپ پۇراپ قالما شۇ يانتاقنى ،
كېلەر ھەر چاغدا خۇش ئەنبەر ئېچىلغان لالە- رەيھاندىن .

نادان ھۆپۈپنى بۇلبۇل دەر، ئېشەكنى كۆرسە دۇلدۇل دەر،
ئۆزۈڭنى نېرى تۇت دائىم ناتوغرا يولى ئازغاندىن.

شىۋىرغان قۇترىسا بەرداش بېرەلمەي قاقشىما زارلاپ،
زىمىستان جۇتتا بۇركۈتمۇ قانات يىغمايدۇ ئاسماندىن.

جۇدۇن كۆچمەي، قۇياش كۈلمەي، باھار قانداق جامال ئاچقاي،
نە خەندان ئەيلىسۇن بۇلبۇل ئادا تاپماي زىمىستاندىن .

بەختتۇركى باھار يەڭلىغ لېكىن مۇشكۇلگە مۇشتاقتۇر ،
ئۆگەن مۇشكۇلنى يەڭمەكنى بۈيۈك مەنزىلدە كارۋاندىن .

تۇرۇپ دەرقەمدە گۈلشەننى كۆزۈڭ قارىچۇقىدەك ئاسرا ،
ئېلىڭ شۇ چاغدا گۈللەنگەي قازانغان زور ئۇتۇق- شاندىن.

1993 - يىل 11 - مارت، قەشقەر

## ئۆتمۈشكە چاقچاق

(بىر ئەرباب تىلىدىن)

چۆمۈپ كونا ئەسلىمىلەرگە
خىيالىمنىڭ قىرتاق گۈللىرى
بولۇپ قالدى ئەمدى تۆت قۇلاق .

* *

ئاقساق بولۇپ قالدىمۇ ئۆتمۈش
سىلجىماس ھېچ ئالغان قەدىمى .
«كۆن شەرقتىن چىققان بولمىسا
پاتاتتى كەچ ـ يەنە غەربكە .»
ئەسلىمەم بار ساڭا پۈتكۈدەك،
ئەي ئاقساقال ، مويسىپىت ئۆتمۈش
ۋەدە بېرەي ساڭا ئاڭلىغىن ،
مەن بويايمەن ئاق بەتلىرىڭنى
ھەممە رەڭدە پۈتۈن ـ تەلتۆكۈس .

ناۋادا
ئەجىلىم توشۇپ مەن ئۆلۈپ كەتسەم
سەن بېلىڭگە باغلاپ ئاق بەلباغ
يىغلارسەنمۇ ھازىدار بولۇپ.

چاقچاق قىلىپ قويدۇم ئەي ئۆتمۈش ،
مەن نېمىشقا ئۆلگىدەكمىشمەن .

ئۆلۈشنىمۇ خالىمايمەن بەس .
مەن ياشايمەن ئالجىپ قالغۇچە
ئەزرائىلنى شۇ چاغدا ئۆزۈم
چاقىرىمەن قىپ ئاڭا ھەۋەس .

تۈنۈگۈنلا، تېخى تۈنۈگۈن ،
مەن ھاياتتىن ئۈزگەنتىم ئۈمىد .
قارا بېسىپ قالارمىكىن دەپ
كۆڭلۈم ئەنسىز دەككىدە بولۇپ .
ئۇخلاپ قالسام ، ھە بۈگۈن ئاخشام ـــ
قوپۇپتىمەن ياخشى چۈش كۆرۈپ.

* *

ئۆتمۈش، سىنىڭ ئۇپۇقىڭدىن
قۇياش بولۇپ بالقىيمەن ھامان .

1993 ـ يىل 11 ـ مارت قەشقەر

## ھىجران

كەچمىشلەرنى سالىدۇ ئەسكە،
مۇڭغا پاتقان يېگانە توغراق.
ئۆكۈنىمەن ئاشۇ قىسمەتكە،
قىينىغاچقا يۈرەكنى پىراق.

تونۇشقانتۇق سەن بىلەن بىر چاغ .
ئاشۇ يالغۇز توغراق تۈۋىدە.
(ئەپسۇس، ھازىر يېنىمدا سەن يوق،)
ئېھ، سۆيگۈنۈم ئامراق زىۋىدە.

سۆيگۈ ئىزھار قىلىشقان ئىدۇق.
شۇ توغراققا يۆلىنىپ تۇرۇپ.
شۇ توغراققا قەلەمتىراچتا،
ئىسمىمىزنى قويغان ھەم ئويۇپ.

نېمىشقىكىن بىلمەيمەن ئۆزۈم،
قالدىم ھازىر تەنھا بۇ يەردە.
ئۇچۇپسەنغۇ يېنىمدىن بىۋاق،
مىسكىن پەرى بولۇپ زىۋىدە.

سەن ئۆياقتا ئۈنسىز يىغلايسەن،
شەپقەتسىزكەن تەقدىر دېگەن دەپ.
مەن يېگانە بويتاق يۈرىمەن،
ئاھ دىلبىرىم بىر سېنى ئەسلەپ.

كەچمىشلەرنى سالىدۇ ئەسكە،
مۆڭغا چۆككەن شۇ تەنھا توغراق.
ماڭا ئۆدۈم بوپ قالدى ھەر كۈن،
شۇ توغراقنىڭ يېنىدا تۇرماق.

1993 ـ يىل 12 ـ مارت، قەشقەر



## مەن، چۈش، رېئاللىق

چۈشلىرىمگە كىملەر تەبىرچى،
مەن كىملەرنىڭ بولارمەن چۈشى.

*　　　*

ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ ئېسەدەش بىلەن،
تۈن قوينىدىن كېلەر بىر ئاۋاز.
تۇزان قونغان بۇ غېرىب روھىم،
ئارتىسلاردەك قىلىپ قويدى ناز.

بېشىمغا سۇ قۇيۇلغاندەك،
مەن ئەندىكتىم، كەتتىم ئويغىنىپ.
ئۆز چۈشۈمدە يوقاپ كەتكەن مەن.
ئۆزۈمگە بەك زەن سالسام ئەمدى.
يېنىمدىلا شۇك يېتىپتىمەن.

ئەنسىرەيمەن يىراق ساھىلدا،
دېڭىز قۇشى بولۇپ ئۇچۇشتىن.
ئەنسىرەيمەن شۇ پېتى ئۇچۇپ،
ئېھ، قەيەردە توختاپ چۈشۈشتىن.

ئېھ، رېئاللىق سەن بەك سۆيۈملۈك.
قەددىم كېرىپ،
مەن ياشايمەن مەۋجۇتلۇقىڭدا.
چۈش بوپ ياشاش مەن ئۈچۈن ئۇيات،
تىلىكىڭ بار تىنىقلىرىمدا.

1993 - يىل 9 - ئىيۇل. مارالبېشى 44 - تۇەن



# قەشقەر

قەشقەر
خىزىر سۈپەت مويسىپىت بوۋا،
تىنچ - ئامان ساقلاۋاتامسەن،
بۆز- ماتادىن تىكىلگەن،
كونا مەيدە يانچۇقىڭدا،
چاقناپ تۇرغان «ھېيتگاھ» رىڭنى؟!.

*

قەدىم ئاھاڭ، قەدىمىي كۈيدە،
يۇمشاققىنە ساددا بىر ئۈندە،
ناخشا ئېيتىپ چىقار دېۋەيلەپ
خانىقاسىدىن شۇ ئوماق قۇياش.
شۇنىڭ بىلەن باشلىنار ھايات،
كىچىككىنە قەشقەر شەھىرىدە.
ئېھ، سۆيۈملۈك قەشقەر ھاياتى،
مەڭگۈ - مەڭگۈ مەۋجۇت ئەمەس سەن
ھەتتا يىراق - يىراق ئەللەردە.

تىرناقچىلىك كىچىك شەھىرىمنىڭ ،
كۆرگۈچىلىكى باردۇر بازىرى.
سودىگەرلەر دوقمۇش - دوقمۇشتا :
دەيدۇ:«سىزگە ئەرزان ساتايلى»!

يۇلتۇزلارنىڭ بازىرىمۇ ئۇ
ھېيتگاھنىڭ كەچلىك بازىرى
شۇنچە يىراق مۇساپە بېسىپ
ئاي - يۇلتۇزمۇ كەپتۇ سەيلىگە.
بۇ بازارنى كۆرمەستىن نېرى .

قەشقەر
سەن ئوخشايسەن
شايى يوپۇق ، پەردە ئىچىدە
كۈلۈمسىرەپ تۇرغان بىر قىزغا.
يامغۇر ياغسا پاتقاق يوللاردا -
(بوران - شامال ئۇچۇرسىمۇ گەر )
ئۆچمەيدىغان كلاسسىك ئىزغا .

قەشقەر
ئۇچۇرما بولۇپ تۇرغان بىر قۇش سەن.

1993 - يىل 13 - ئىيۇل. مارالبېشى 44 - تۈەن

## باھار

1

بىر قىز
ئۆچىسىدىن
سىلىقىتىپ ئاق تونىنى
تال چىقنى ئات قىلىپ ئويناپ
تېپىۋالدى يېشىل يولنى.

2

نۇر تېمىپ تۇرار
ھال رەك يۈزىدىن
خىيالىدا گۈللەر چاچقۇسى
ئېگىدا
ئۈزلاپ يۈرەر يېشىل روھ .

1993 ـ يىل 13 ـ ئىيۇل، مارالبېشى 44 ـ تۇەن

## تەۋەررۈك ئەيلىمە روزىغارىمنى

تەۋەررۈك ئەيلىمە روزىغارىمنى،
بۇ سۆيگۈم ساڭا مەڭگۈ تەۋەررۈك.
بۇ رەڭسىز دىلىمنى ئەقىدەڭ بويار،
قوقاستەك چالا بوپ قالمىسا كۆيۈك.

ئىشەنچىم كەينىدە پىترايدۇ گۇمان،
ۋە لېكىن سۆيگۈمنى بىلىمەن ئۇلۇغ.
سەن ئۈچۈن ئۆلمەس كۈي ياڭراتقىنىم راست
بوپ قالماي :«ئىسمى بار سۆپرىسى قۇرۇق»

تەۋەررۈك ئەيلىمە روزىغارىمنى
مېنىڭ مەۋجۇتلۇقۇم سەن ئۈچۈن شەرەپ.
ئۇپرايدۇ، توگەيدۇ تاغدەك بىساتىڭ
ئويلاپ باق، ئۇپرىماس چىن سۆيگۈ، ئەجەب؟

1993 ـ يىل 15 ـ ئىيۇل

# غۇۋا ھېسلار تۇغقان ئېستەكلەر

1

مەن ھاياتتىن نېمە ئىزدىدىم،
ھايات مەندىن ئىزدىدى نېمە ؟
قىسمەتلەرگە باشمۇ ئەگمىدىم،
بولسىمۇ ئۇ كۆپ تەرەپلىمە.

ھايات قوينى ئەمەس بەكمۇ كەڭ،
لېكىن ئۇ تار قەپەسمۇ ئەمەس.
قىسمىتىگە سالغىنىڭدا زەن،
قىلىسەن يا قىلمايسەن ھەۋەس .

ھايات دېگەن نېمە ئۇ، نېمە،
يېتەلمىدىم تەكتىگە زادى.
ئادەملىكىم تېخى بىمەنە،
تاپالمايمەن ئۆزۈمنى گاھى.

تۈز كۆرۈندى ئەگرى ـ دونيالار،
يورۇق كۈننى كۆردۈم قاراڭغۇ.
ئاتەش كەبى گۈلگۈن چىرايلار،
كۆرۈندى بەك ماڭا ياداڭغۇ.

گۈلىستاننى بىلدىم چۆل ـ ئىدىر.
كۆزلىرىمگە تارتىلغاچ گۈگۈم.

ئىبلىسلارنى ھېسابلاپ خىزىر،
ئاسايىشقا تولدى غورورۇم.

2

نۇر ئىلكىگە چۆمدى سۇبھى ـ تاڭ،
ئوتقاش كەبى قىزاردى ئۇپۇق.
مەنىسىنى تاپتى يېڭى ئاڭ،
يىرتىلغاچقا تاڭدىكى يوپۇق.

قەقنۇستەك رەڭ تۈزدى دۇنيا،
بولغاچ قۇياش تەپتى بەك ئۇلۇغ.
زېرەكلەرنى چاغلىدىم دانا،
بۇ كۆڭۈللەر بولمىغاچ سۇنۇق.

كۆلدى قايتا، كۆلدى قاقاقلاپ،
كۆلەلمىگەن ئارزۇ ـ ئىستەكلەر.
قارا چۈشلەر كەتكەچ يىراقلاپ،
رىتىمىدا سوقتى يۈرەكلەر.

سۇ ئىچكەچكە دىللاردىن دىللار،
ھايات قايتا تاپتى چىن مەنا.
جۈپ قوللاردا ئەگگۈشتەر ئاچقۇچ،
ئۆتتى ئادەم ئىلكىگە دۇنيا.

1993 ـ يىل 20 ـ ئىيۇل، قەشقەر

# ئانامسەن سەھرا

كۆزۈم ئاچسام يورۇق دۇنياغا،
قۇچاق ئاچقان ئانامسەن سەھرا.
شۇندىن بېرى كۈنى ـ تۈن ماڭا،
مەشۇقىمدەك بولدۇڭ چىن سەھرا.

قويغانىكەن ئانام تېنىمنى،
سېغىز چالما قىرىپ سېغىزلاپ.
تۇپرىقىڭنى ئاپئاق ئۇپىدىن،
مىڭ ئەتىۋار بىلىپ. ئەزىزلەپ.

تۇپرىقىڭغا يىقىلىپ ـ قوپۇپ،
ئۆگەندىم مەن مېڭىشنى سەندە.
تال چىۋىقنى ئات قىلىپ مىنىپ،
ئۆگەندىم ھەم چېپىشنى سەندە.

يوق سېنىڭدە ئاسفالت يوللار،
چىلىقماس ھەم ھەيۋەت سارايلار.
ئادەملىرىڭ خان سۆپەت ئەمەس،
تېپىلمايدۇ ئۇپا چىرايلار.

بار ئېگىز ـ پەس توپا يول (شورلۇق)،
پاكار ـ پاكار كېسەك ئۆي ـ جايلار.

ھايات ئۆتەر شۇندىمۇ قۇۋناق،
ئۆتسىمۇ گەر ئايلار ۋە يىللار.

نەزەر سالسام ھۆسنىڭگە ھەر رەت،
كۆرۈنسەن شۇنچە ئۆز ـ رەنا.
ھالال مېھنەت كۈيى ياڭرىغان،
قايناق چېلىش قويىنسەن سەھرا.

1993 ـ يىل 10 ـ سېنتەبىر، قەشقەر





# تاتلىق ئەسلىمە

ھىجرانلاردىن تۆرەلگەن ئازاب،
سەۋدالارنىڭ بولار تاجىسى.
ۋىساللاردىن سۆيۈنگەن دىللار،
مۇھەببەتنىڭ يارقىن جارچىسى.

ئارمان بىلەن كۈلگەن دەقىقىلەر،
ھەسرەتلەرگە بولار خاتىمە.
كۈتۈشلەردىن ئەمىنگەن دىللار،
قۇچۇپ كېلەر تاتلىق ئەسلىمە.

1993 ـ يىل 16 ـ ئۆكتەبىر. قەشقەر



## ئاداققى كۆز، ئاداققى ھىجران...

ياپراق چىشلەپ ئۇچقان قۇشلىرىم،
يېشىللىقنى قالدۇرار ماڭا.
ياپرىقىدەك سارغايغان پەسىل،
ئوخشاپ قالار ماڭا ۋە ساڭا.

ئەقىدىنىڭ تاش تۇزانلىرى،
بوشلۇقلارنى كەتكەندە قاپلاپ .
تاغ كەينىگە مۆكۈنگەن قۇياش،
ماراپ قويۇپ كىچىك بالىدەك.
خانىسىدە ئۇخلاۋېرەرمۇ ؟

تەييارلىق كۆر تىپتىنچ دېڭىز،
قەغەز كەبى تەكشى بېتىڭدە .
بىرلا چاقناش كەلدىغۇ پەيتى،
قېنى سەن ئېھ، قامەتلىك تاغلار.
سەنمۇ ئالتۇن نۇرلۇق چوققاڭدا،
ئوينىتامسەن قۇياشنى بەزلەپ.
ياكى ئۆڭكۈر قاپتاللىرىڭغا،
مۆكۈندۈرۈپ قويامسەن ئۇنى؟

ئېھ، سۇپسۇزۇك ئاققان شوخ بۇلاق،
قىرو باغلاپ كەتكەن ھۆسنىڭدە.
ئېنىق قىلىپ كۆرسىتەلەمسەن،
تۇندە غۇۋا چاقنىغان ئاينى؟

قاراۋۇلدەك ئۇپۇق كۆكسىگە،
تۇغ باغلىغان چەكسىز ئورمانزار.
سايراپ تۇرغان قۇشلىرىڭ قېنى؟
شۇڭا سېنى كەتتىمۇ تاشلاپ،
يوقاتقاچقا ئۇلار ئېسىنى.

ئېھ، كەچ كۇزنىڭ سولغۇن ياپرىقى،
كۆز يېشىمغا بولامسەن ياشدان.
كەلتۇردىغۇ شۇ ھالغا سېنى،
ئاداققى كۇز، ئاداققى ھىجران.

1993 - يىل 28 - ئۆكتەبىر

## يوقالغان ئىز، خائىن قۇرۇقلۇق

كۆلۈمسىرەپ تۇرغان شولاڭنى
كۆز قارىچۇقۇم ئالدى سۈمۈرۈپ
سۆلكىتىڭدىن نۇرلانغان قەلبىم
ياتار خۇددى قۇياش نۇرىدا
چەكسىز ئۇيقۇ كەبى يېيىلىپ .

ئۇچراشتۇرغان بىزنى رىئاللىق
قۇچاق ئاچقان بىزگە مۇھەببەت .
ئېگىمىزغا كىرىپ قويماستى
ئازاب نېمە ؟ نەدە ئۇ كۆلپەت ؟

بىر چاغ
شۇنچە ئوماق سۆلكىتىڭ بىلەن
مېڭىپ ئۆتسەڭ مېنىڭ مەھەللەمدىن .
سېنى ئىنىق كۆرەتتىم چوقۇم
چىقماي تۇرۇپ غېرىب كۆلبەمدىن .

ھىجران سوغۇق قولىنى تەڭلەپ
نەلەرگىدۇر يوقالدى،
بىر تىلەكتە باسقان ئىزىمىز.
شۇندىن بېرى
بىز تېخىچە كۆرۈشەلمىدۇق

بىر شەھەردە ياشاپ تۇرۇقلۇق.
قېنى تاتلىق چۈشلەر ئىلكىدە
كۆلگەن تىلەك، چىرماشقان ئىشلار
يوقاتتىمۇ ئۇنى قۇرۇقلۇق ؟

1993 ـ يىل 23 ـ نويابىر. قەشقەر



## نىگاھىمغا چۈشسۈن سۈرىتىڭ

ئۆپۆقلارغا تۇتاش توغراقلىق،
مارالىلارنىڭ قەدىم ماكانى.
كارۋان ئىزى، چەكسىز يۇلغۇنزار،
گۇلدەك بىزەپ ياتار دالانى.

كىممۇ توقۇپ يۈرسۇن ئەپسانە،
چۆش قوينىدا ياتقان باياۋان دەپ.
ئەجدادلارنىڭ چۇقان – سۈرىنى،
تۇرسا ئۇندا تۇغدەك لەپىلدەپ.

بىر چاغدىكى غەمكىن جەزىرە،
كۆلدى، مانا بولدى چاھارباغ①.
ئامەتلەرنى تېرىپ قەدەمدە،
ئاۋاتلىقلار② يۈرىدۇ خۇشچاغ.

ھۆسن تۈزدى يېڭى بىر جەننەت،
قايناق بازار سېرىقبۇيادا③.
دۆلەتباغمۇ④ تاپتى قۇت – بەرىكەت،
ئىشچانلارنىڭ ماھىر قولىدا.

①②③④ مارالبېشى ناھىيىسىدىكى يەر ناملىرى

يۈرەكلەرگە ئەيلەيدۇ ھۇزۇر،
داۋانلاردىن ھالقىغان شامال①.
ئاناركۆل②نىڭ ئالتۇن بىلىقى،
رەستىلەردە كۆرسىتەر جامال.

كۈلكىلىرىڭ يەتسۇن پەلەككە،
ئېھ جانىجان ماكانىم بارچۇق.
نىگاھلارغا چۇشسۇن سۇرىتىڭ،
مىڭ قۇياشنىڭ نۇرىدىن ئارتۇق.

1993 - يىل 5 - دېكابىر



1 2 مارالبېشى ناھىيىسىدىكى يەر ناملىرى

## دوستۇمغا

(قەشقەر مائارىپ ئىنستىتۇتى تىل ـ ئەدەبىيات كەسپىدە بىللە ئوقۇغان ساۋاقدىشىم، قەلەمداش دوستۇم ئىسمايىل سابىرنىڭ بېغىشلىما شېئىرى)

مېھرىمىز چوڭقۇرلۇقى ئوكيانغا تەڭ،
قىممىتىڭ قەلبىمدىكى ئاسمانغا تەڭ.

سۆھبىتىڭدىن بىر دەقىقە ئايرىلىش،
مەن ئۈچۈن مىڭ يىل كەبى ھىجرانغا تەڭ.

بىللە بولدۇق ئىككى يىل شاد ـ قايغۇدا،
ئاغزىمىز تەگدى مەيۇ، ئاش ـ نانغا تەڭ.

شۇم نىيەتلەر پىتنىدىن ئاتقاندا ئوق،
قوغدىدىڭ ھەتتا مېنى قالقانغا تەڭ.

بۇ ھايات غەلۋىرىدە تاسقال تازا،
يەت ـ جاپالارنى يېڭىپ ئارمانغا تەڭ .

1994 ـ يىل 25 ـ ئىيۇن. قەشقەر

## ئۆلۈمنامە

يىراقلايمەن ئۆزۈمدىن چەكسىز،
تەسەللىدۇر ماڭا جىمجىتلىق.
كەچ كۆزدىكى سەرسان ياپراقتەك،
ھالسىزلىنىپ قاپتۇ ھاياتلىق.

غاجىلايمەن روھىمنى تۈگەل،
يۇمشاقنىنە بولۇپ مىتە ـ قۇرت.
ئىسكىلىتتىن قالدى نە پەرقىم،
تەگرىم مېنى ئۇنۇتقىن ـ ئۇنۇت.

تۈگىدىمۇ تۈيغۇمنىڭ چېكى،
ماكانى يوق مىسكىن روھىمنىڭ.
بولۇپ قالدىم ھاڭگىرت پېيىدەك،
مەن قاتىلى گويا ئۆزۈمنىڭ.

1995 ـ يىل 21 ـ يانۋار. مارالبېشى44 ـ تۈەن

# دەرياغا تېز سىزما

شاۋقۇنلىرىڭدىن
مۈگدەك باسقان ھېسلىرىم ئويغاق.
قىرغاقلىرىڭدىن
مېنىڭ ئەركەم ئىزدەر تۆت قۇلاق.
دەرياغا قاراپ
ئۆزگىرىدۇ مېنىڭدىكى ئاڭ،
سەن
ئىزدەپ تۆت قۇلاق،
تاپالامسەنكىن بەختىڭنى،«ۋاي، تاڭ»!

1995 ـ يىل 2 ـ ئىيۇن. مارالبېشى 44 ـ تۈەن



# سوغۇق ئەسلىمە

سوۋۇماقتا بەدىنىم قىشتەك،
سوۋۇماقتا ئوتلۇق يۈرىكىم.
نەمخۇش تۇمان ئىچرە تولغىنار،
كەچمىشلەردىن ئەمىنگەن سۆيگۈم.

نىچۈن ئەتراپ سوغۇق شۇ قەدەر،
نىچۈن مېنىڭ ئۆيۈممۇ سوغۇق؟
قىش كەلدىمۇ ياكى دېۋەيلەپ
نىچۈن مېنىڭ ئۇنۇممۇ بوغۇق؟

بەلكىم كەچتە سوغۇق ئۇيقۇمغا،
بىر قىز چۈش بوپ كىرەر كۆلگەنچە.
يۈرىكىمنى سىلاپ بېقىپلا،
قايتىپ قالار قاپاق تۈرگەنچە.

1995 ـ يىل 13 ـ ئىيۇن، مارالبېشى 44 ـ تۈەن

## يۈرىكىمدەك ئوتلۇق بىر شەھەر

(قاغىلىققا تۇنجى بارغىنىمدا ئادىل تۇنىيازنىڭ «قاغىلىق» ناملىق شېئىرى ئېسىمگە كېلىپ قالدى)

قاغىلىق
يۈرىكىمدەك ئوتلۇق بىر شەھەر

مەندىن يىراق ، يىراق بىر جايدا
يۈرىكىمنى تۇرىسەن ئويناپ
(قۇياشنىڭمۇ ئىچى تارمىدۇ)
ساڭا يۈرەك بەرگەندىن بۇيان
ئاسمىنىڭدا كۆرمىدىم ھەرگىز
تۇرغىنىنى قۇياشنىڭ پارلاپ ،
قاغىلىق
يۈرىكىمنى بەر دەيمۇ ساڭا ،
يۈرەكسىزنى ئەر دەيمۇ ساڭا .
بوپتۇ يۈرەك تالاشماي سەندىن،
كەتكىنى شۇ يۈرەكقۇ مەندىن.

ئاھ نۇرسىراپ كەتكەن قەلبىمگە
كۆچۈرۈپ قوي قۇياشنى
شۇندا تېزلا كېلەي ئەسلىمگە .
ھەر سەھىرى بىر بوۋاي،
كېچە تەرگەن يۇلتۇزلىرىنى

ھەيدەپ ئىشەك ھارۋىسىنى ،
كېلەر بەكمۇ يىراق شەرقتىن.
كۇتۇپ تۇرغان نەۋرىلىرى
«يۇلتۇز بوۋام كەلدى!» دەپ
چۇرقىرىشىپ چىقار ئالدىغا .

قاغىلىق
يۇلتۇز توشۇپ يۇلتۇز بوۋاي ،
بولۇپ قالدىڭ يۇلتۇز شەھىرى
بالىلارمۇ
يۇلتۇزلارنى پەپىلەپ ئويناپ ،
قاپتۇ ئايلىنىپ يۇلتۇز بالىغا .
يۇلتۇز بالىلار (ھازىر)
يۇلتۇز ساتقۇدەكمىش باشقا ئەللەرگە.

قاغىلىق
يۇرىكىمدەك ئوتلۇق بىر شەھەر.

1995 - يىل 5 - ئاۋغۇست. مارالبېشى 44 - تۈەن

## بوۋاققا

بولغۇك بارمۇ قۇشنىڭ بالىسى،
ئۇچۇشنىلا كۆزلەيسەن يىراق .
ئۇچساڭمىغۇ بولاتتى لېكىن ،
سەن يېڭىلا تۇغۇلغان بوۋاق .

سەن ئەمدىلا ئانا باغرىدا ،
مىدىرلىغان يېڭى بىر ئۈمىد .
يۈرىكىڭگە پىچىرلاپ ياتقىن :
«ئانا مەڭدىن زور ئۈمىدلەر كۈت»

بولغۇك بارمۇ قۇشنىڭ بالىسى،
ئۇچۇشنىلا كۆزلەيسەن يىراق.
ئۆزۈم چوپچوڭ بىر يىگىت تۇرۇپ،
بولغۇم كەلدى سەندەك بىر بوۋاق.

1995 ـ يىل 18 ـ ئاۋغۇست. مارالبېشى 44 ـ تۈەن

## سەن بار

(«سەن يوق» دېگەن شېئىرنىڭ ئىلھامى بىلەن)

جاپانى مەن تولا تارتتىم، راھەت سۈرگەندىلا سەن بار ،
ئەلەم تارتسام يولۇقمايسەن، لېكىن كۈلگەندىلا سەن بار.

ئىشىمغا سەن نىشان ـ بەلگە،ئېقىن سۇ باشلىسام چۆلگە،
جەزىرە ـ چۆلدە مەن تەشنا، گۈزەل گۈلشەندىلا سەن بار.

تومۇزدا ئاغدۇرۇپ يەرنى ، ئېتىزغا مەن ئۇرۇق سالسام،
بولۇپ خاماندا چەش ئالتۇن ھوسۇل بەرگەندىلا سەن بار.

قىشى يازى بېقىپ پاقلان ، يېمەككە بوردىسام ھەر ئان،
قالار ئالدىمدا ئۇستىخان هامان لوق گۆشتىلا سەن بار.

خېمىرنى بولدۇرۇپ ئەيلەپ ، تونۇرغا ناننى مەن ياقسام،
قۇرۇق تەڭلەڭگە خون ـ خونلاپ توقاچ كىرگەندىلا سەن بار.

رەقىبنىڭ قەستىدىن توۋا زەھەر ئوتلاپتىمەن بىر چاغ،
مانا پۇرسەتتە شەربەتنى سۇزۇپ ئىچكەندىلا سەن بار.

قاقاس چۆللەردە باغ ئەيلەپ ، قاراڭنى كۆرمىدىم ھەرگىز،
بېغىمدىن شىرنىلىك مېۋە ئۈزۈپ يېگەندىلا سەن بار.

دىمەككى مەن جاپا تارتسام يېنىمدا سەن دەقىقە يوق ،
ھاياتتىن خوشلىشىپ ئاخىر يېقىن ئۆلگەندىلا سەن بار .

1995 - يىل 7 - سېنتەبىر. مارالبېشى 44 - تۈەن



## شېئىر سىراپ كەتمىسۇن دۇنيا

غېرىب كۆلبەم ئىچىدە
ياشاپ كەلدىم بولۇپ شائىرچاق .
ئاھ قېشىمدا شېئىردىن باشقا
مەۋجۇت ئەمەس بىرەرمۇ قىزچاق .

ھاياتىمنى موچەنلەپ خەجلەپ
بولۇپ قاپتۇ باغرىممۇ پۈتۈن .
يۈرىكىمنى تېپىچەكلەتكۈدەك
بىر پارچە شېئىر ئوقۇيالماي ،
مەن كايىيمەن ئۆزۈمگە قانداق
بوغۇزۇمغا كەلمىسە سۆز - ئۈن .

ھەر سەھىرى كۆلۈپ چىقىدۇ
شېئىر ئوقۇپ ئۇپۇقتىن قۇياش
بىراق ،
شېئىرسىراپ ئۆتكەن كۈنلىرىم ،
ئۆمرۈمگىلا بولىدۇ ھاپاش .

ئۆتسە مەيلى ئادەم قانسىراپ ،
تېپىلىدۇ قان .
مەيلى ئۆتسە ئادەم جانسىراپ
تەڭرىدىنلا
تىلىگىلى بولىدۇ جان .



شېئىرسىراپ كەتمىسۇن دۇنيا ،
شېئىرسىراپ كەتمىسۇن هايات .
شېئىرسىراپ ئۆتمىسۇن ئادەم ،
شېئىرسىراش ــ مەنىۋى مامات. . . !

1995 - يىل 1 - دېكابىر. مارالبېشى 44 - تۆەن



## بۇ ئۆمرۈمگە يوك بولسا كۈنۈم

كىملەرنىدۇ سۆيگۈم كېلىدۇ
ۋە كىملەردىن رەنجىگىم يەنە .
يىراقلارغا كۆز تىكسەم ئۇزاق
خىياللارغا بەند بولدى دېمە .

سوراقلاردىن بېشىم گادىرماچ
هايات ماڭا گويا تېپىشماق .
بىلەلمىدىم تېخىچە ئەپسۇس
بۇ دۇنيادا ياشاشنى قانداق .

ياشاش ئۈچۈن تۇغۇلدۇم ، بەلكى
خىيالىمغا كەلمەيدۇ ئۆلۈم .
ياشىشىمدىن نە ئۈمىد قالسۇن
بۇ ئۆمرۈمگە يوك بولسا كۈنۈم .

1996 ـ يىل 8 ـ فېۋرال ، مارالبېشى 44 ـ تۈەن

## كۆلۈمسىرەپ يىغلاش

مۇڭ ـ ئازاب ياتىدۇ قەلبىم تەكتىدە،
كۆلۈمسىرەيمەن قىش ئاپتىپىدەك .
نوقۇل ھالدىكى چەكسىز خۇشاللىق
نېسىپ بولماس ئاڭا بىر چۈشتەك.

كۆلۈمسىرەيمەن ساڭا ئەزىزىم ،
چۈشەنسە دەپ ئازابلىرىمنى .
كۆلۈمسىرەيمەن ساڭا ئەي تەڭرى ،
سىلاپ قويغىن مىسكىن روھىمنى .

ماڭغان يولۇم كەتتى ئۆزىراپ،
يەلكەمگىلا يۈك بولار سەپەر.
ھاياتىمدا ماڭغان يولۇمنى،
يىغىپ كەلدىم ئۆزۈمگە قەدەر.

بەخت دەپلا قوغلاشتىم ھەيھات،
ئارمانىمنىڭ قاينام ئوغىسى.
ئازاب چەككەن يۈرەكنىڭ پەقەت،
ئىھ، كەلمەسكەن قىنىپ كۈلكىسى.

تەنھالىقىم تەسەللى ماڭا.
قەلبىم مېنى نوقۇپ، جۆيلەيدۇ:
«سۇ چىقمىغان دۆڭلەردە بەزى
يامغۇر سۇلىرىمۇ تۇنەيدۇ.»

كۆلۈمسىرەيمەن ساڭا ئەي ھايات،
مۇڭ چاقنىغان نۇرسىز كۆزۈمدە،
كۆلۈمسىرەيمەن ئۈنسىز ـ ئۈمىدسىز،
غەم قۇيۇلغان ئۇشبۇ قەدەھتە.

1996 ـ يىل 8 ـ ئىيۇل. مارالبېشى 44 ـ تۇەن



## غەزەللەر

1

ئەي پەرى ئىشقىمنى بىر رەت بەزلىدىڭ ،
شۇ سەۋەب تارتتىمغۇ كۆلپەت، بەزلىدىڭ .
باشتىلا چىن سۆزنى قىلساڭ مەيلىدى
ئالدىنىپ قالدىمغۇ :«ھەي دەرد!..»بەزلىدىڭ.
مەن غېرىب كۆلبەمدە ئاجىز، بىتەلەي
سۆيگۈ نەرقى بولدى قىممەت، بەزلىدىڭ.
بۇ ھايات ئالدامچىمۇ ھېچ بىلمىدىم
شۇمىدۇ تەقدىرى ـ قىسمەت، بەزلىدىڭ.
نۇر چاچار ئاخىر مۇھەببەت يۇلتۇزى
تاپىمەن شۇ چاغدا قۇدرەت، بەزلىدىڭ.

2

مەن سېنى شۇنچە ئەزىزلەپ نە قىلاي،
ھەر دەقىق، ھەر ئىشتا قوللاپ نە قىلاي،
تۇگىمىدەك قىلغان ئىشىڭنى تۆگە دەپ
ماختىنىپ نامىڭنى يوللاپ نەقىلاي.
ئىستىسەڭمۇ ئۇن چىقارماقنى تۇگەل،
مەن بوغۇق ئاۋازدا چىللاپ نە قىلاي.
مەن چۇشەندىم سېنى بەكمۇ كېچىكىپ،
سەن ئۆزۈڭ بەئەينى ساپ ـ ساپ نەقىلاي.

3

هەر ۋاقىت قىلغان ئىشىمغا مەن ئىگە،
شۇ سەۋەب دەرد كەلسە بېشىمغا مەن ئىگە.
نەۋ باھارنىڭ شادلىقى ھېچ گەپ ئەمەس ،
ياز كېتىپ ، كەلسە قىشىمغا مەن ئىگە.
بەزىلەر توپىنى چاڭگاللاپ يۇرەر ،
مەيلىمۇ ، ئىچكەن ئېشىمغا مەن ئىگە.
ياۋنى دەپ قىلسام كۇرەش جەڭگاھ ئارا،
ئوق تېگىپ سۇنغان چىشىمغا مەن ئىگە.
بۇ ھايات قوينىدا مەردلەرچە ياشاپ،
شۇندىمۇ كىرگەن يېشىمغا مەن ئىگە .

4

سەن ئۇچۇن دەرد تارتقىنىم ھېچ گەپ ئەمەس،
قايغۇغا كۆي قاتقىنىم ھېچ گەپ ئەمەس.
بۇ ئىشق سەۋداسىدا باغرىمنى مەن،
نە زېمىنغا ياققىنىم ھېچ گەپ ئەمەس .
بەلگە بەرسەم تۇن كېچە ، سەن چىقمىدىڭ،
چىقتى ئاپاڭ ، قاچقىنىم ھېچ گەپ ئەمەس.
توسسىمۇ ئالدىمنى مىڭ بىر مۇشكۇلات ،
ۋەسلىڭ ئۇچۇن يول ئاچقىنىم ھېچ گەپ ئەمەس.
بار ۋۇجۇدۇمنى قۇياشتەك چاقنىتىپ،
سۆيگۇدىن نۇر چاچقىنىم ھېچ گەپ ئەمەس .

5

ياش تۆكۈپ ئۈنسىز ـ ئۈمىدسىز يىغلىدىڭ،
شۇ سەۋەب كۆزۈڭمۇ نۇرسىز، يىغلىدىڭ.
ھەمنەپەس ئۆتسە ھاياتتا باشقىلار،
سەن پەقەت قالدىڭغۇ جورىسىز، يىغلىدىڭ.
ياڭرىسا كۆك قەرىدە جۇشقۇن سادا،
سەن بوغۇق ئاۋازدا ئۈنسىز يىغلىدىڭ.
مەۋج ئۇرۇپ ھەر ياندا ئاقسا شوخ بۇلاق،
كى ئەجەب چاڭقاقتا سۇسىز ، يىغلىدىڭ.
بۇ ھايات گۈلشەنىدە ئاچماي چىچەك،
ئېھتىمال، بەختىڭمۇ ئۇلسىز، يىغلىدىڭ.

6

بۇ يۈرەكنى سەگىتىدۇ پىچىرلاش،
ئوي ـ خىيالنى ئەگىتىدۇ پىچىرلاش.
بىردە لەززەت باغچىسىغا باشلىسا،
بىردە مۇڭلۇق تەگىتىدۇ پىچىرلاش.
يېشىلىپ سىرلىق تۈگۈنچەكلەر تۈگۈل،
غەمنى قوغلار نەگىدىدۇر پىچىرلاش .
سايرىسا ھىجران ۋەجى بۇلبۇلمۇ ھەم ،
بىر مىسال : گۈل بەرگىدىدۇر پىچىرلاش .
قىز ـ يىگىتنىڭ سىرىنى، ئارمانىنى ،
چىن يۈرەككە يەتكۈزىدۇ پىچىرلاش .

7

مەن ئۇچۇن كۆيگەن يۇرەكتىن سەن ئەمەس ،
سەن ئۇچۇن سۆيگەن يۇرەكتىن مەن ئەمەس .
بۇ كۆڭۇل ئەركە بېلىقكەن، ۋەلېكىن ،
كىشىگە سۆيگۇ نىشانى چەن ئەمەس .
لەۋ يېقىپ ئۆتتى مۇھەببەت تۇنلىرى ،
تاتلىقىڭ بولسىمۇ گەرچە قەنت ئەمەس .
ئىككىمىز باسقان سەپەرنىڭ مەنزىلى ،
ھەر قاچان ئوخشاشلا بەلگە ـ ئەن ئەمەس .
يۇرىكىم بىر ئىشنى دەسلەپ بايقىغان ،
بۇ پەلەك ـ تەقدىرىمىز قەستەن ئەمەس .

8

سەۋرىنىڭ ئاخىرى پۇتمەس بەھۇزۇر ،
شۇ سەۋەب شادلىقمۇ تۇگىمەس بەھۇزۇر .
ئۆزگىگە سىر بەرمە تەنتەك خۇي بىلەن ،
شۇندىلا قەلبىڭمۇ كۇلمەس بەھۇزۇر .
كىم يىراق ئىقبالنى كۆزلەپ يۇرمىسە ،
بۇ ھايات پەيزىنى سۇرمەس بەھۇزۇر .
كۆڭلىدە شۇملۇق تىلەر نائەھلىلەر ،
كى غەرەزسىز يولمۇ يۇرمەس، بەھۇزۇر .
شۇم ئەجەل كەلسە ئۇلارغا چىرمىشىپ ،
ئەل ـ ئاۋام ئىشقىدا ئۆلمەس بەھۇزۇر .

## 9

كۆزلىرىمنىڭ ۋەزنى ئۆچتى، بەرى يوق،
ئېيتقىنا روھىمدا نە هال، نەرى يوق.
چىرمىسا كۆڭلۈمنى بىر ئىلاھىي كۈي،
ۋە لېكىن مەشرەپتە ئۈشبۇ دەرى يوق.
بولسىمۇ جىسمىم تۈگەل نۇر توچكىسى،
تۈندىمۇ لامپۈچكىدەك هېچ قەدرى يوق.
بۇ ئىشق مىڭ بىر بالالار سالسىمۇ،
يۈرىكىم نازۈك، چىنە هېچ دەزى يوق.
سەۋردىن هەممىسى پۈتكەي هالۋا بوپ
كىمكىنە، دۇنيادا هېچ بىر دەردى يوق؟...

1996 - يىلى ئۆكتەبىر، مارالبېشى 44 - تۈەن



## ھەسرەتتەكلا تونۇش بىر قىزچاق

1

ھەسرەتتەكلا تونۇش بىر قىزچاق،
كۆزىدە مۇڭ بىرلە تۆكەر ھاياتنى.
قۇش بولۇپ ئۇچىدۇ ئۇھسىنغان كېچە
قىز كەچمىشىگە ــ
بېرەلمەستىن غۇۋا بىر تەبىر!؟...

2

ھەسرەتتەكلا تونۇش بىر قىزچاق،
قىسمىتىدىن مۇھەببەت بىزار.
سۆيگۈ ئوقچۇپ تۇرغان كۆكسىدە
ئاشىق يىگىتنىڭ
ئېھ، ئەرەنلىك قىيامى تېشىپ
ئۆيۈپ قالغان نەپەسلىرى بار.

3

ھەسرەتتەكلا تونۇش بىر قىزچاق،
ئاۋارىمىش ئىزدەپ تۆت قۇلاق.
زۇلمىتىگدە نۇر چاچسا ئۈمىد،
بەخت ساڭا قالمايدۇ يىراق.

1997 ـ يىلى 25 ـ يانۋار. مارالبېشى 44 ـ تۈەن

## ئۆزۈمگە دىئاگنوز

ئەسلىمنى بويايمەن ھەرخىل بوياقتا ،
مېنىڭدىن ۋاز كېچىپ زارلىنار ئۆتمۈشۈم .
شەيتاننىڭ قېنى ئاقار تومۇرلىرىمدا ،
خىزىر بەرىكەتىدىن مەھرۇممەن .
كلاسسىك روھلارنىڭ ھىدايىتى بار ،
دېرىژورسىز ئورۇندالغان سىمفونىيىدە .
ھېچكىممۇ سېلىشتۇرماس ئۆزىنى ماڭا ،
مېنىڭدەك بىر غالىب ئىنسان بار يەردە.

قۇشلارنىڭ تىلىنى ئۆگەنمەك بولۇپ ،
سورىدىم سۇلايماندىن قۇشلار لۇغىتى .
روھىمغا دەز كەتكەن كۈندىن باشلاپ
شامالغا ماختانغان قاقشال دەرەختەك
ماختاندىم ئۆزۈمچە —
يالغۇزلا پېقىرنىڭ بار دەپ قۇدرىتى.

ئەسىرلەر داۋامىدا
شامالغا يەمچۈك بولۇپ كەلدى ئىزلىرىم .
چۈپەيلەپ كەتتىممۇ بىلمىدىم نىھال ،
كۆلەڭگەم بارا ـ بارا كەتتى قىسقىراپ .
ئالدىغا سىلجىماس ئالغان قەدىمىم
يەلكەمگە يۈك بولار، پۇتۇمغا كىشەن .
قەدەمسىراپ كەتكەن شۇ يوللار (مۇساپە) .

تۈيغۈمدا شۈمشەيگەن ئەقىدە گۈلى ،
ياراشماس چېكىسىگە بەختلىكلەرنىڭ .
روھىمنى دەيدەيگە ، ئۈسسۈلغا سالار
بۈرۈنقى ئەلپازىدىن يانغان ھارغىن چۈقانلار .
قان تەپچىپ تۇرغان مەڭزىم
نە ھالكى كەچ كۈزنىڭ ياپرىقى گويا .
ئەگەردە
ئەڭ چىرايلىق ناخشىنى تۈۋلىماق بولسام
خىرقىراپ قالىمەن بىر بوغۇق ئۈندە .

ياۋروپالىقلار
پوچتىدىن ماڭا
ھەقسىز پىرىۋوت قىلىپ يوللىدى
مەن ياقتۇرغان مەدەنىيەتنى .
شۈندىن بىرى، تا ھازىرغىچە
ياۋروپاچە شوخلۇق بار قىلىقلىرىمدا
شالغۇتلاشتىم.
دېمەككى
ئۈيغۈرنىڭ ھىدى يوق تىنىقلىرىمدا .
ئاختۇردۇم ئالەمدىن
نامرات تېنىمدىن قاڭقىپ كەتكەن روھىمنى.
ئوخشاتمىدىم ئادەمگە
يېتىم بالىدەك غېرىب قالغان ئۆزۈمنى.

1997 ـ يىل 10 ـ مارت، مارالبېشى 44 ـ تۈەن

## ئۇمۇنۇش

ياز كۈنىدەك ئۇزۇن ئۈتمۈشۈڭ ،
ئەتىرگۈلدەك چاچمايدۇ ئىپار .
تەلۋە ھېسلار ئىسكەنجىسىدە ،
كۆرۈنسەن كۆزۈمگە غۇبار .

جۇل - جۇل بولۇپ كەتكەن ئەبجەق تەن ،
قەلبىڭنىمۇ قالماس يوشۇرۇپ .
تۇمان باسقان كەچمىشىڭ ئىچرە ،
ساختا سۆيگۈڭ يۈرەر ئۇمۇنۇپ .

1997 - يىل 7 - ئاپرېل، مارالبېشى 44 - تۇەن



## ئۆلۈك تەبەسسۇم

ئۆچتى لەۋدىن ئۆلۈك تەبەسسۇم،
شەمشەرگە يارىماس ئۈمىد قالقىنى.
ھۇۋقۇش پاناھلىنار كېچە قانىتىدا،
تەنلەردىن توزۇيدۇ ئەرلىك ھورمونى.

ساماۋى چۈشلەرگە ئىلىنىشار بەزى،
پەرىزاتىنىڭ خىزىرغا قىلغان چاقچىقى.
سېھىرلىك كۆزلەردە رىئاللىق بۇلغانغان،
ھاڭگىت پەرۋازىدا جەسۇرلۇق ئۆلدى.

گەندىسى قېتىپ قالدى ئۆلۈمنىڭ،
ھاياتقا خۇشچىراي باققىلى بولماس.
دولقۇنلار ئەۋجىدە قاتقان نىگاھلار،
شەپەرەڭ روھىغا ئەمدى تېۋىنماس.

يىلتىزى چوڭقۇردۇر ھەقىقەتىنىڭ،
كۆكى ئوت بولار ئوتخور ھايۋانغا.
سۇت تېمىپ تۇرسىمۇ ۋېناس كۆكسىدىن،
سوت يوقكى باش چايقاپ يۇگرەپ بارغانغا.

ھايات قاغجىرىدىمۇ تەلۋە سۆيگۈدە،
پىيەنچۈك ھېسلارنىڭ ھېچ ماكانى يوق.
ساداقەت كۆلچىكىدىن ئىچىلسىمۇ سۇ،
ئېزىلەڭگۈ دىللارنىڭ ھېچ ئارامى يوق.

1997 ـ يىل 26 ـ ئاپرېل. مارالبېشى 44 ـ تۈەن



# قىز دوستى يوق نامرات شائىرنىڭ

قىز دوستى يوق نامرات شائىرنىڭ،
خۇددى ھەممە نەرسىسى يوقتەك.
بىر پارچە شېئىر پۈتسە كۆپايە،
ئاچ قالسىمۇ قورسىقى، توقتەك.

ئۇ ھاياتتا كۆلۈمسىرەيدۇ،
قىزغا ئەمەس پەقەت شېئىرغا.
يۈركىدىن ئىقبال تامدۇرۇپ،
ئۇچراپ تۇرار پات ـ پات خىزىرغا.

قىز دوستى يوق نامرات شائىرنىڭ،
لېكىن قىزلار ئۇنىڭ دۇنياسى.
بىلىپ قېلىڭ ، شائىرچۇ، شائىر،
قىزلارنىڭلا ئۇلۇغ خۇداسى.

1997 ـ يىل 7 ـ ماي. قەشقەر

## يغلاڭغۇ پېغىشلىما

(زاھىر ئابدۇراھماننىڭ پېغىشلىمىسى)

سەن
قوي گۆشىدە تويۇنغان،
كۆل سۈيىدە يۇيۇنغان،
مۆرىمەس ئىنسان.

مەن
يۇلغۇنلۇق دالىدىن،
قان - يىرىڭلار ئارىسىدىن،
ئۆرلىگەن چۇقان.

1997 - يىل 7 - ماي، قەشقەر

# سەن بەختىنىڭ ئۆزى بولساڭ گەر

ئىنتىلىمەن سېنى كۆرۈشكە ،
نېسىپ ئەمەس بىزگە دىدارلىق .
سېنىڭ ئۈچۈن ياڭراتقان كۈيۈم ،
ئېلىپ كېلەر ماڭا بىدارلىق .

ئېزىتقۇمۇ سەرگەردان تۇيغۇم ،
ماكانىدۇر ھىجران كوچىسى .
ئازاب چەككەن يۈرەكنىڭ پەقەت ،
كەلمەس ئىكەن قېنىپ كۈلگىسى .

يېتىمسىراپ يېگانە قەلبىم ،
ئىنتىلىدۇ بەختكە قايتا .
سەن بەختىنىڭ ئۆزى بولساڭ گەر .
يىراقلىشاي سېنىڭدىن ئاستا .

1997 ـ يىل 23 ـ سېنتەبىر، مارالبېشى 44 ـ تۈەن

## سەرسان كەچمىش

رەڭگى ئۆڭگەن ھەسرەت ئىچىدە ،
غېرىبسىنىپ قاپتۇ تەنھالىق .
ياش ئەگىگەن چاناقلىرىڭدا ،
قېتىپ قاپتۇ مىسكىن جۇدالىق .

يېتىمىرقىغان ھېسلار ئەۋجىدە،
يۈرىكىڭنى قويدۇڭ تارتتۇرۇپ.
تۇترۇق بولغان روھىڭ سۆيگۈگە،
كەتتى ھىجران تەقدىرگە كۆنۈپ.

يەر شارىدا سەرسان بوپ يۈرەر ،
سەندىن مىراس قالغان كەچمىشىڭ .
سەن ياشايسەن بەختلىك بولۇپ ،
يېپيېڭى بىر دۇنيا قوينىدا —
قۇدرىتىنى بىلسەڭ سۆيگۈنىڭ .

1997 - يىل 19 - نويابىر، مارالبېشى 44 - تۇەن

# گۈل قەبرىسى

ھىدلاپتىمەن سىنى قانغۇچە،
ياپراقلىرىڭ قاپتۇ سولىشىپ.
ئەڭ سەممىمي يۈرىكىم بىلەن،
ئېرىشمەكچى بولساممۇ ساڭا.
ياشاپتىمەن ئۆزۈممۇ بىلمەي،
گۈزەللىكىنىڭ قاتىلى بولۇپ.

كېپىنەكىنىڭ خۇيى تۇتتىمۇ،
شامالالارغا كەتكەن ئەگىشىپ.
مەنلا پەقەت يېنىڭدا تەنها،
قاتىلىڭ بوپ يۈرىمەن ئەگىپ.

كەڭ دالادا قالدى كەچمىشىڭ .
نامە پۈتتى ساڭا تەبىئەت .
خاتىرجەم بول، ئېھ ، سۆيۈملۈك گۈل .
سېنىڭ قەبرەڭ قەلبىمدە ئەبەد .

1997 - يىل 21 - نويابىر، مارالبېشى 44 - تۇەن

# قورام تاش لىرىكىسى

قورام تاشقا تىكىلدى كۆزۈم ،
يۈرىكىمدە ھېسلار غەلىيانى .
تۈرۈم ـ تۈرۈم ھايات ئۇندا بار ،
كۈچ ـ قۇدرەتكە مىسال پايانى .

چاقناپ تۇرار ئۇندا جەسۇر روھ ،
ھايات ئاڭا بەك يىغىنچاقلانغان .
قورام تاشقا قارىسۇن بىردەم ،
تاقىتىدىن ئايرىلغان ئىنسان. . .

1997 ـ يىل 22 ـ نويابىر. مارالبېشى 44 ـ تۈەن



## ۋەتەن

روھمۇ ياكى بىر قىزنىڭ كۆڭلى ،
ئېھ، قەلبىمدە يېيىلىپ ياتقان .
شەپەق كەبى كۈلگەن ئۈمىدمۇ ،
قارىچۇقۇمدا نۇر بولۇپ قاتقان .

چۈشمۇ ياكى بىر شېرىن ئىستەك ،
دىل يىپىنى دىلىمغا چاتقان .
ۋېناسمۇ يا ئالەمچە سۆيگۈ ،
مەن ئىلاھىي كۈيۈمگە قاتقان .

پايانى يوق چەكسىزلىك ئىچرە ،
يۈكسىلىدۇ قەدرىڭ ھەر زامان .
ئېھ ، ئالىقانچە قەلبىم كەڭلىكى ،
مېھرىڭ بىلەن كېڭىيەر ھامان .

1997 ـ يىل 23 ـ نويابىر. مارالبېشى 44 ـ تۈەن

# مەن قايتىدىن تۇغۇلسام ئەگەر

ئىنتىلىمەن چەكسىز رەۋىشتە ،
ئۆز- ئۆزۈمگە سىڭىپ بارغانچە .
مىدىرلايمەن ئۈنسىز بوغۇلۇپ ،
قەلبىم يايىمىسى پەقەت ئالىقانچە .

كۆلۈمسىرەپ قويۇشۇم كېرەك ،
ماڭا قېيىداپ ھومايغانلارغا .
تەنھالىقنىڭ ئۆتۈلدى قەدرى ،
روھىم گۇمران بولغان دالىدا .

چۈش بوپ كىرەر سوغۇق ئۇيقۇمغا ،
ئاسماندىكى بۇركۈت پەرۋازى .
مۇزلاپ كەتكەن مۇشۇ تۇرقۇمنى ،
ئىللىتماق تەس قىش ھەمدە يازى .

ئىنتىلىمەن ، ئۈمىدلىنىمەن ،
چەكسىزلىككە قاراپ شۇ قەدەر .
پاچاقلايمەن روھىمنى تۇگۈل ،
مەن قايتىدىن تۇغۇلسام ئەگەر .

1997 - يىل 23 - نويابىر ، مارالبېشى 44 - تۈەن

## ئاستا ـ ئاستا ئادەم بولۇش

ئىچكىرىلەپ بارماقتىمەن ئۆزۈمگە چەكسىز،
كۆرۈنۈشكە باشلىدى ئاستا،
ئۆز شەكلىدىن چىقىپ ئادىمىيلىكىم.

* *

سۈمۈرىمەن ھاۋا ئورنىدا،
قاغدالما بوپ كەتكەن ھاياتىنىڭ
تىنتىپ يۈرگەن ئازابلىرىنى،
كىملەر دەيدۇ ھەسرەتنىڭ كەينى،
كۈلۈمسىرەپ تۇرغان بەخت دەپ؟
مېنى خۇشال قىلغان شۇ بەخت،
ماڭا ھەسرەت ئەپكەلگەن كەپلەپ.

ھەر بىر پېشكەل ، مەن ئۈچۈن ئىبرەت،
تونۇماقتىمەن ئاستا روھىمنى،
ھېچنېمىگە ئوخشىماس شەكلىم،
مەن گوياكى شەكىل قاتىلى
ئىزدەش ئۈچۈن ھەقىقىتىمنى،
يول ئالدىم
قۇچاق ئاچتى چەكسىز نۇر يولى.

1997 ـ يىل 26 ـ نويابىر، مارالبېشى 44 ـ تۈەن

# بىر قىزغا تېز سىزما

كىرپىكىڭدە قاپتۇ پىلىلداپ ،
سۆزۈككىنە بىر تامچە ئازاب.
مەستخۇش دىلىم غەش بولدى ئەجەب ،
ھەسرەت تامغان تۆرقۇڭغا قاراپ .

تىنىقلىرىڭ ھىجران پۇرايدۇ ،
لەۋلىرىڭدە ئەسەبىي تىترەك .
يۈرىكىڭدە جار سالىدۇ جۇت ،
خانەڭ كىمگە بولغانتى تۈنەك .

بىۋاقىتلا توزۇپتۇ ئەپسۇس ،
ئىھ ، قەلبىڭدە بىخلانغان ئارمان .
كەچمىشىڭنى ئەيلەپتۇ زاھىر ،
سۆلكىتىڭدە چاقنىغان پۇشمان .

ئۆز قەدرىنى تاپالماي ھايات ،
شۇڭغۇپ چىقتى تېنىڭدىن ئاستا .
نەمخۇش ئازاب ئىچرە تولغىنىپ ،
تاپاي دەمسەن بەختىڭنى قايتا .

1997 ـ يىل 26 ـ نويابىر، مارالبېشى 44 ـ تۇەن

## سېنى كەيپ قىلغۇم بار دۇنيا

غەم ـ غۇسسىسىز ياشىماق بەك تەس،
بۇ ـ
ھەقىقەتكە ئايلىناي دەپ قالغان نىسپىيلىك.
ھايات ئىچىدە بار قايغۇنىڭ يېشىمى
ئاخىرلىشار تولىمۇ شاد ـ كۆلكىلىك.

بوياق بىلەن بويالغانمۇ گۇناھلار،
بەك سۆيۈملۈك تۇيۇلىدۇ كىشىگە.
پاتمان ـ پاتمان قايغۇ بەدەل تۆلەيمۇ،
ئېرىشمەك تەس كۆتكەن بەخت ـ كۆلكىگە.

دۇنيا ئۆزى مەي كۆتۈرۈشلۈك بىر يىگىت،
لېكىن سېنى كەيپ قىلغۇم بار دۇنيا.
ئىلاھ بولۇپ ئۆزۈمچە
غەم ـ غۇسسىدىن يېشىلدۇرۇپ مەن سېنى،
رازىمەنكى ئۆتكۈزۈشكە مىڭ گۇناھ.

1997 ـ يىل 4 ـ دېكابىر. مارالبېشى 44 ـ تۈەن

## شائىرغا قوشۇمچە ئىزاھ

شائىر
تىنىقىڭدىن شېئىر پۈرايدۇ،
ئەمما
يۈرىكىڭ
ئەلنى دەپ
بارا ـ بارا خورايدۇ.
كۆزۈڭگە گۈل كۆرۈنەر
ھەممە نەرسە، ھەتتا خەس ـ گىياھ
قاغدالما بوپ كەتكەن ھاياتىڭ
يېسەڭمۇ گەر تۈزسىز تائامنى:
سەندىن چىقىدىغىنى
يەنىلا
پارلاق نۇر ـ زىيا.

1998 ـ يىل 4 ـ ماي. مارالبېشى44 ـ تۈەن

## بىنا شاملى

ئاسمانغا تۇتاشتۇرماقچى ئۆزىنى ،
ھەممىنى قالدۇرۇپ پەستە .
چىقىم بەك سۆيۈملۈك تۇيۇلار ھازىر ،
خەلق پۇلى
بېسىلىپتۇ بىنا شەكلىدە .

كۆرۈنمەيدۇ كوچىدا قۇياش ،
ئاسمان
كۆرۈنىدۇ كۆزلەرگە
گۇمبەزچىلىك.

باللار
سانىيالماس يۇلتۇزنى كەچتە.
سانايدۇ
بىنالارنىڭ قەۋەت سانىنى.

كۆرۈنمەيدۇ سۆيۈملۈك دەرەخ
كۆرۈنمەيدۇ ئوغۇز رەڭ تۇپراق .
كۆرۈنمەيدۇ مەيىن شامالدا
ھەر يان ئۇچۇپ يۈرگەن يوپۇرماق .

بۇ شەھەردە
ياتسىرىغان بىنادىن قۇشلار
دانلىغىلى خامان تاپالماس .
سۇنئىي دەرەخ، سۇنئىي گۈل ـ چىمەن
ئاڭا قۇچاق ئاچقىنى بىلەن
لېكىن
قۇشلار كۆڭلىنى بىنا ئالالماس .

شامال سۆيسە بۇدۇرۇق چېچىنى
چۇرقىرىشىپ دەر شەھەرلىك بالا:
«ھو ، چىقىپتۇ بىنا شامىلى!»

1998 ـ يىل 23 ـ ئىيۇل، مارالبېشى 44 ـ تۇەن



## چېچەك شەھىرى

ئەلۋەك ـ ئەلۋەك نۇر
سەھەر پەيتى يوقلايدۇ مېنى
دېرىزەمدىن دان ئالغان قۇشقاچ
شەرەتلەيدۇ تالاغا
ئۆيدە مىسكىن تۇرغان تۇرقۇمنى .
شامالغىمۇ بولدى تاماشا
تەبىئەتتىن خۇيلانماس ھەرگىز .
چېكىسىگە گۈل قىسقان باھار
سوۋغا قىلدى قەلبىمگە ئەگىز .
ـ ياق
قار ئۇچقۇنى ئەمەس ئۇ ھەرگىز
ئۇ بىر مەسۇم بوۋاقنىڭ ئۈنى .

1998 ـ يىل 20 ـ ئاۋغۇست. مارالبېشى 44 ـ تۈەن

# ياشاشنىڭ كىچىككىنە سۈرىتى

سۆزلىرىمىز چىقار بىر يەردىن
ھەممىسىلا تۇرمۇشنىڭ غېمى
بەيگىسىدە بۇ تۇرمۇشنىڭ
كىملەر ئۇزۇپ چىقىدۇ قېنى
تۇرمۇش
قورشاۋىدا مۇناسىۋەتلەرنىڭ
ئۇندا نىمجان ئادەملەر تېنى
دۈۋە ـ دۈۋە بولدى شوئارلار
ئالداپ كەلدۇق ئۆز ـ ئۆزىمىزنى .

تەھدىت ئىكەن موھتاجلىق
بۇ ھال خۇددى قانۇنىيەتتەك .
كۆرسەك تۇرلۇك مەئىشەتلەرنى
ئېتىلىمىز چىل بۆرىلەردەك .
مۇھىم قاراپ كەلدۇق ئەزەلدىن
بۇ ھاياتتا گۇلدەك ياشاشنى .
شۇ تۇپەيلى خەقنىڭ ئىشىغا
ئېتىپ قالىمىز چالما ۋە تاشنى .

بىلسەك
يۈزلىنىپتۇ بەترەڭ جېنىمىز
رەڭ ئۆزگەرتىپتۇ ئۇتقاش قېنىمىز،
كۆپنى كۆزلەپ ياشىغان تۇزۇك
«بىز»دەپ«مەن» نى تاشلىغان تۇزۇك.

1998 - يىل 15 - ئۆكتەبىر، مارالبېشى 44 - تۈەن



## بويالغان چىنلىق

مەجرۇھ تەنىنىڭ قاڭسىق ھىدلىرى
سىڭىپ بارار
شەلۋەرىگەن روھ بوشلۇقىغا ،
دېۋەيلەيدۇ تەن ھەيكەللىرى
ئىچكەندەك
شارابىنى ئەرشنىڭ گويا .
چۆلدەرىگەن قەلب تەكتىدە
بويۇن قىسىپ قاپتۇ مۇھەببەت
رېئاللىقا نېمە بولدى .
ساختىلىقنىڭ بازىرى چىقىپ ،
تۇتتىمۇ يا ئۆتمۇشنىڭ خۇيى .

ئاسمىنىدا رەڭۋاز دۇنيانىڭ
نۇر چاچىدۇ ئىشرەت يۇلتۇزى .
گۇزەللىك ئىچىدە شۇنچە ئۇز، لەۋەن
پورەكلەپتۇ رەزىللىك گۇلى .

* *

بويالماقتا چىنلىق
ساختىلىقنىڭ رېڭىدە قىنىق.

1997 ـ يىل 2 ـ دېكابىر. مارالبېشى 44 ـ تۇەن

## تۆت تام

مەن ئۆيۈمنىڭ مەركىزى
مەككىدەكلا مۇقەددەس تۆت تام ،
غەمكىن قەلبىم قالار ئېچىلىپ
كۈندە ئۈچ ۋاخ ئاڭا قارىسام .
كىچىككىنە غېرىب ئۆيۈمدە
مەن ئۆزۈمچە بەختلىك سۇلتان
شۇ تۆت تامنى چىن باغاشلىسام .

تەنها قالغان مەندىكى تۈيغۇ
تىكمۆەتتى بەدەر ـ بەدەر .
كىچىككىنە غېرىب ئۆيۈمدە ،
پەيدا بولغان بىر مېھىر ـ سۆيگۈ
كېڭەيمەكتە نۇر ئېقىمىدەك
ئېھ تۆت تامنىڭ سىرتىغا قەدەر .

1998 ـ يىل 5 ـ نويابىر، مارالبېشى 44 ـ تۈەن

# شام يورۇقىدا شېئىر يېزىش

يورۇتماقتا شام
كەپەمدىكى رەڭدار دۇنيانى ،
يورۇتماقتا مىسكىن دىلىمنى .
نېمىدېگەن سۆيۈملۈك بۇنداق
ھىجران ، ئازاب ، بەخت ، كۆز يېشى...

پىتىراپ يۇرەر چۈمۈلىلەردەك
ئەتراپىمدا سۆزلەر دۈۋىسى.
ئېھ لۇغەتنى ئاپئاق قالدۇرۇپ
كەپتۇ قېشىمغا
سۆزنىڭ ھەممىسى.
سۆزلەر ئامراق ئەسلى شېئىرغا
خۇددى —
ئامراق بولغاندەك شېئىر شائىرغا.
بەلكىم ،
گۇل قىسقىسى كەپتۇ سۆزلەرنىڭ
سىڭىپ كىرەر تومۇر - قېنىغا .

1999 - يىل 10 - فېۋرال. مارالبېشى 44 - تۈەن

# قېرىلىق

قىسقىرايدۇ قەدەملەر ھالسىز
كىچىك بالىنىڭ چامدىشى كەبى.
بارا- بارا ئۆچەر ئۈز ياشلىق،
جىنچىراغنىڭ چاقنىشى كەبى.

كۆزنىڭ نۇرى تىكىلەر يەرگە،
گۇناھكارنىڭ قارىشى كەبى.
ئېچىنىشلىق قېرىلىق دېگەن،
ئېھ، يۈرەكنىڭ يارىسى كەبى.

1999- يىل 11- يانۋار. مارالبېشى 44- تۈەن



## سىيت نوچى

توشۇپ ئۆلۈم خېتىڭنى،
ئامانەتنى يەتكۈزدۈك .
ساۋاتسىز، نادان بولغاچ ،
«ساداقەت» نى يەتكۈزدۈك .

بىلسەڭ ما ① نىڭ بۇ خېتى ،
ساڭا قورغان تۇزاقتى.
زالىملارنىڭ بۇ زۇلمى ،
ئەل ـ ئاۋامغا دوزاختى.

ئۆلۈمنامە بۇ دېسە ،
باش لىڭشىتتىڭ ئۆلۈمگە .
بىر خاتىمە بەرمىدىڭ ،
نادان ئۆتكەن كۈنۈڭگە .

سەن بىلمەمتىڭ خەلقىنىڭ ،
تارتقان جاپا ـ جەبرىنى.
خان ـ دارىنىنىڭ زۇلۇمىدىن ،
ئىچىگە يۇتقان دەردىنى ؟

1 ما ـ ما دوتەي دېمەكچى

مۇشتۇمىڭ زور ئىدىغۇ ،
تاغنى تالقان قىلغۇدەك .
ئۇندىن يامان پەشۋايىڭ ،
ياۋ كۆكسىنى يارغۇدەك .

قانخور ، جاللات ياۋلارغا ،
پەشۋا ئاتساڭ بولمامدۇ ؟
سېنىڭ بىلەن روھلىنىپ ،
خەلقىڭ كۈچكە تولمامدۇ ؟

سەندە تۇرسا كۈچ ـ غەيرەت ،
ئۆلەلىدىڭ «مەرد» لەرچە .
خەلقىڭ قالدى زار يىغلاپ ،
هالى خاراب ، دەردلەرچە .

«مەردلىك بىلەن ئۆلدۇم» دەپ
جۇدا بولدۇڭ جېنىڭدىن .
نادانلىقنىڭ هىدلىرى
پۇراپ تۇرار قېنىڭدىن .

2000 ـ يىل 19 ـ دېكابىر، مارالبېشى 44 ـ تۈەن

# غېربىلىق

گۈل لېۋىدە غېرىبلىق،
شۇمشەيگەن تۇيغۇ.
كۆزلىرىمگە قان قۇسۇپ،
چوقۇلايدۇ روھىمنى ئۇيقۇ.

ئۇزۇك ـ ئۇزۇك نۇر تۇزاندىسى.
ئېھ، قەلبىمگە بولالماس مەلھەم.
رەڭگى ئۆڭگەن يۇرىكىم مېنى،
تاش دەۋرىگە سۆرەيدۇ بەردەم .

رەڭ سەتھىدە چاقنىدى تېنىم،
سەمەرىسى بولۇپ ئۇمىدىنىڭ.
بىزەڭ دولقۇن، غاپىلىلىقىمغا،
سۇ پۇركىدى
ساھىلىدا سۇكۇتىنىڭ.

شۇركەندىم
ئاھ، تۇرمۇشنىڭ پاتقىقى ئىچرە.
ئادىمىيلىكىم
ئۆزىنىڭ روھ ئەندىزىسىنى
تېپىۋېلىپ چاقنار كېچىدە.

*        *

مۇنبەت يەرسەن ئېھ، غېرىبلىق،
ئۈمىد ئۇرۇقى سەندە تېرىقلىق.

2001 ـ يىل 22 ـ ئاپرېل. مارالبېشى 44 ـ تۈەن



## كۆتكەنچە ئىرادىگە كېلىش

ئۆز ـ ئۆزۈمنى بارىمەن گوللاپ،
ئاپقۇرۇمدا ئۆلۈمنىڭ سۈيى.
مۇزلاپ كەتكەن مۇشۇ تۇرقۇمنى،
چاقىرىدۇ ئاخىرەت كۈيى.

نۇرسىرىغان قەلبىم ئۆڭكۈرى،
بىر يوچۇقتىن تەشنا زىياغا.
تۇيغۇمدىكى ئۆلۈم تەسۋىرى
ئوخشاپ قالار، ئۇستا رەسساملار
سىزىپ قويغان قىز يوتىسىغا.

ئۆز ـ ئۆزۈمگە چىڭدالدىم ھەيھات
ياڭاق مېغىزىدەك.
قاغجىرىغان ئۆمۈر چۆلىدە
ھۇما قۇشى بولۇپ ئۇچقۇم بار
چىقارسىلا مۇھەببەت قانات.

2001 ـ يىل 29 ـ نويابىر. مارالبېشى 44 ـ تۈەن

# تەنھالىق، سەن يۇمران بىر قىز

سۈكۈتتىكى تەنھالىق
قەلبىمدە بىر گۈلسەن
كېپىنەكلەر كېلىپ قونمىغان.
سېنىڭ يۇمران، يۇمشاق قوللىرىڭ،
چەككىنىدە ئازاب تارىنى
كۆزلىرىڭدىن ئاقتى ئاھ، قان.

سەن يۇمران بىر قىز،
يامان كۆزلەر تېگىلمىگەن.
سەن مۇڭلۇق زىل تار
بارماقلاردا چېكىلمىگەن.

يېپىلسەن قەلبىمگە ئۆزرە،
رەڭدار تۇز قانىتىدەك.
ساڭا ھەر چاغ كۆلەڭگە تاشلاپ،
ئازاب يۈرەر دېۋىدەك.

بىز ئىككىمىز بەك مۇڭداش،
چۈشىنىمىز ھاياتنى.
ئەرەنلىكىمگە مەن ئېلىپ
مەن تارتاي
ساڭا كەلگەن ئازابنى.

2002 ـ يىل 17 ـ سېنتەبىر. مارالبېشى 44 ـ تۈەن

## ئولجاڭ مەن

كۆڭۈل جاڭگاللىرىم ئىچرە گويا ئاچ بۆرىدەك كەزدىڭ،
مېنى ئولجاڭغا تىمساللاپ، ئۆزۈڭنى ئوۋچىدەك سەزدىڭ.

جېنىمنى ساقلىماق تەس گەپ قېچىۋەردىم تۆشۈك ئىزدەپ،
نېمە ئۇ بىر تۆشۈك، ۋاي داد! تالاي سۆڭگۈچتىن ئۆتكۈزدىڭ.

تۆگەل روھىمنى يەپ كەتتىڭ، مېنىڭدە قالغىنى بىر تەن،
كۆڭۈل مەيلىمنى زەنجىرلەپ، دىلىمنى ھەسسىلەپ ئەزدىڭ.

نېمە شادلىق، نېمە قايغۇ، دىلىم سەزمەس، كۆزۈم كۆرمەس،
بېشىمدا شەمشىرىڭ تەييار، ئۆزۈڭ جاللاتقا ئۆزگەردىڭ.

مېنىڭ روھىمنى بىر ۋاقلىق تاماق قىلدىڭ، مانا ئەمدى،
نىشانىڭ بولدى يات بىرسى، مېنىڭدىن بىۋاقىت بەزدىڭ.

2006 - يىلى ئىيۇن، مارالبېشى 44 - تۈەن

## يۇلغۇندىكى يۈرەك (1)

قان رەڭگىدە قىزاردى يۇلغۇن ،
بارخانلاردا چېچەكلىدى قان .
ھەربىر چوۋق تىرىك تارىختەك،
كەچمىشلەردىن سۆزلەيدۇ داستان.

سەن ئەزەلدىن چۆلنىڭ ئەركىسى،
بورانلاردا تاۋلانغان بىر روھ.
ئاق كەپتەرنىڭ ئاغزىدا بەلكىم،
زەيتۇن ئەمەس، سېنى كۆرگەن نوھ.

مۇشكۇللەرگە بېشىڭنى ئەگمەي،
ھاياتىڭنى تاپقۇزدىڭ مەنا .
گاھى بولدۇڭ چىدامىلىق بىر ئەر،
گاھىلىرى گۈل بەدەن رەنا.

يىلتىزىڭغا كۆمۈلگەن ئۈمىد،
شاخ ـ شاخلاردا ئاچىدۇ چېچەك.
سۆيۈپ كەلدىڭ ئىزچىل ھاياتنى،
چۈنكى، يانغان سەندە بىر يۈرەك.

2007 ـ يىل 10 ـ ئىيۇن

## يۈلغۇندىكى يۈرەك(2)

بىر جەسۇر روھ
تاۋلىنىدۇ تونۇردا
قەدىمىي كۈي ئىراسى بولمىش
قەدىمىي جايدا.

ئانام قۇيغان ئۆپكىدەك قۇملۇق
قىپقىزىل رەڭ
كۆكلىدى يۈرەك.
بارخانلاردا چېچەكلىدى قان
بەرق ئۇردى ياپيېشىل تىلەك.

2007 - يىل 10 - ئىيۇن



# سۈنئ يۈزى سىلىقكەن

باغرى يۇمشاق قورام تاش،
مەن سىيلىدىم قاتتىق قولۇمدا.
سۈنئ يۈزى سىلىقكەن
نىيىتىدە نېمە بار بىلمەيمەن،
دېۋەيلەپلا تۇرار يولۇمدا.

دەريا بويىدا بېلىقچى،
ھەسرىتىمنى يەمچۈك قىلىپ
قارماق تاشلايدۇ،
غەمسىز يۇرگەن بەش بالىسى ئۈچۈن.

ئېچىرقىغان غېرىبلىقىمدا
بىر گۈل
غۇنچە پېتى تۇرسا دەيمەن.

2008 ـ يىلى ماي، شىخەنزە شەھىرى

## ئۆركەش ياسار ساچىڭ مىھرىمەە

1

زۇلمەتتىگدە نۇر چېچىپ گۇلخان بولاي،
نەكى گۇلخان تەپتى زور ۋۇلقان بولاي.

بۇ ئىشق تەپتىدە جىسمىڭ قۇرىدى،
قۇرىغان جىسمىڭ ئۈچۈن مەن قان بولاي.

سۆيگۈدە هال رەڭ ئىدى ياپراقلىرىڭ،
كۆكىرىپ تۇرغىن، ئۆزۈم خازان بولاي.

زەرچە نۇر خالايىتتى مىسكىن شۇ دىلىڭ،
ئۆڭكۈرىگدە چاقنىغان ئىمان بولاي.

بىر غېرىب سايىل سەدىقە تىلىدى،
سەن ئۈچۈن بەرگەن سەدىقە نان بولاي.

2

مەنزىلى بەكمۇ يىراق قىرغاقمۇ سەن؟
نەكى قىرغاق ئۆڭكۈرى سىياقمۇ سەن؟

ئۆزلۈكۈڭ پەخرىدە يۈردىڭ ماختىنىپ
دىلنى رام قىلغان بەرگى قىياقمۇ سەن؟

تەمتىرەپ يۈردۈم ھايات ساھىلىدا
تەۋرىنىپ تۇرغان كېمە — قولۋاقمۇ سەن؟

يورۇقۇڭ چىقماس پەقەتمۇ شامچىلىك
شۇندىمۇ يانغان نۇرلۇق چىراغمۇ سەن؟

كەپتىمەن بەتتەم ئېشىڭغا تۈز بولۇپ،
چۆچۈمەل، سىلكىنگىدەك قىرتاقمۇ سەن؟

ھەدېسەم نەيرەڭلىرىڭ كەتتى ئاۋۇپ
بىلمىدىم. قاپقانچىمۇ، قىلتاقمۇ سەن!؟

3

قاپقارا زۇلپىڭغا چىرماشسام گۈزەل،
نە زۇلپى خۇلقۇڭغا چىرماشسام گۈزەل.

باتناپ گوياكى قوي قوزىسىدەك،
ئەركىلەپ تۇرقۇڭغا چىرماشسام گۈزەل.

سۆلكىتىڭ ئۆزلۈكى تەڭداشسىز، يۈزۈڭ —
چوغ كەبى — يۇلغۇنغا چىرماشسام گۈزەل.

كۆندۈزى چېكىتچىلىك قاراڭغۇ يوق،
تۈن كېچە، يورۇقلۇقتا چىرماشسام گۈزەل.

ساچلىرىڭ مېھرىمدىمۇ ئۆركەش ياسار،
ئۆركىشى ــ دولقۇنغا چىرماشسام گۈزەل.

تەپتى ئوت جىسمىڭدا تەنلەر ئېرىگەي،
نەكى ئوت ــ يالقۇنغا چىرماشسام گۈزەل.

4

ساختىلىق كۆلگەن كۆزۈڭدىن رەنجىدىم،
بال ئەمەس، قىرتاق سۆزۈڭدىن رەنجىدىم.

سەندىكى ھىممەت قېنى، قىممەت قېنى؟
ئۆزگىچە «خىسلەت»لىرىڭدىن رەنجىدىم.

تاپمىسا مەناسىنى گۈلگۈن ھايات،
ۋاھ دەرخ، يۈرگەن كۆنىڭدىن رەنجىدىم.

سۆت بىلەن كىرگەن مىجەز روھىڭدىمۇ،
سەل بولۇپ ئاققان قېنىڭدىن رەنجىدىم.

چۆلنى بوستان ئەيلىسەڭ، قابىل ئىدىڭ،
شورلىشىپ كەتكەن يېرىڭدىن رەنجىدىم.

قالدى ــ نە پەرقىڭ سېنىڭ كى مۆردىدىن،
سېسىغان ئەبجەق تېنىڭدىن رەنجىدىم.

چۆش بولۇپ نەگە يوقالدى دوستلىرىڭ،
چۆلدەرەپ قالغان يېنىڭدىن رەنجىدىم.

5

گۈلنى كۆرسەڭ گۈل كەبى ئاچىلغۇلۇق،
نەكى گۈل بۈلبۈل كەبى ئاچىلغۇلۇق.

بۇ ھايات دوقاللىرى ئەگرى ـ توقاي،
بەيگىدە دۈلدۈل كەبى ئاچىلغۇلۇق.

مۇڭ تىلەپ ئىشقىڭ بىلەن سازەندىدىن،
زەۋقىدە مەرغۇل كەبى ئاچىلغۇلۇق.

ئىختىرا ئەيلە دىلىڭدىن، بەزىدە،
تاغ ـ داۋانمۇ يول كەبى ئاچىلغۇلۇق.

ئەل يولىدا مەرد كىشى جەننەت ئىمىش،
ھەرنە ۋاخ مەرد قول كەبى ئاچىلغۇلۇق.

2008 ـ يىلى ماي. شىخەنزە شەھىرى

## پەرىشتە بىلەن ئېزىتقۇ ئارىسىدا

خىيالىم ئۆڭكۈردە ئۇشقۇرتىسەن،
گويا ئالۋاستىدەك.
نەيرەڭلىرىڭ كۆپ.
نەقىش بوپ ئويۇسەن كۆزنەكلىرىمگە
يۈرىكىمگە تېگىش ئۈچۈن ئالدىرايدۇ —
قارا قوللىرىڭ!

ئالىمىمدە
پەرىشتە سۆزۈككىنە پەر قاقىدۇ،
مۇنار بوپ تىكلىنىدۇ نۇر دەستىسى.
مېھىر سۈيىدە چايقىلىدۇ
ساداقەت گۈللىرى بىلەن بېزەكلىنىدۇ
ئېھ قەلبىمنىڭ تۆت تېمى.

*　　　*

قەلبىم ساڭا ئاچقۇچسىز قۇلۇپ.

2008-يىل 12-دېكابىر. مارالبېشى 44-تۈەن

# ئەجەب

(تېكىست)

ئەجەب بىر باستى غەم ـ كۆلپەت،
ۋىسالغا قانمىغان تۇرسام.
جۇدالىق سازىنى دەردتە،
قېنىپ بىر چالمىغان تۇرسام.

يۈرەك ھىجراندا ئۆرتەندى،
غېمىم يەلكەمگە يۈكلەندى.
مۇھەببەت ئىشقىدا مەڭگۈ،
قۇياشتەك چاقنىغان تۇرسام.

ۋاللاپ دېدىڭۇ بىرسى:
«نىشانسىز يورغىلاپ يۈردى.»
يىراق مەنزىلدە تولپار بوپ،
داۋاندىن ئاتلىغان تۇرسام .

ھۆزۈرى قايدا بۇ جانىڭ،
چۆلى بىر باغۇ بوستانىڭ.
جاپانى كۈچ ـ جاسارەتتە،
يۈكۈپ مىڭ قاتلىغان تۇرسام.

ئېچىلماس گۈلى ئىشرەتنىڭ،
يوروقتۇر يولى نۇسرەتنىڭ.
گۈزەل ئەخلاق ـ دىيانەتنى،
ئەزەلدىن ياقلىغان تۇرسام.

2008 ـ يىل 14 ـ ماي. شىخەنزە شەھىرى

# توغراق ناخشىسى

(تېكىست)

قەددىڭنى تىك تۇتۇپ تۇرسەن ھەيۋەت ،
جۇت ـ بوران داجىيدۇ مەغرۇرلۇقۇڭدىن .
چۆللەرنىڭ مەڭزىدە چاقنىغان خالسەن،
ھاياتلىق تۆكۈلەر غەيۇرلۇقۇڭدىن .

يىلتىزىڭ يەر ئۈزرە يېپىشقان مەھكەم ،
باقىدۇ بىر ساڭا قۇملار بارخىنى .
چاك كەتكەن قوۋزىقىڭ ئاراشلىرىدىن ،
چاقنايدۇ بوۋامنىڭ گۈزەل ئارمىنى .

ئەزەلدىن دەرەخلەر كۆركى سەن توغراق ،
بۇ ئانا زېمىنغا گۈلدەك ياراشقان .
قەدىمي تارىخنىڭ ئىزناسى سەندە ،
نامىڭدۇر مەڭگۈگە تىللاردا داستان .

ئەزەلدىن دەرەخلەر كۆركى سەن توغراق ،
جۇش ئۇرار قەلبىمدە ساڭا ئىشتىياق .

2002 ـ يىل 22 ـ سېنتەبىر.مارالبېشى 44 ـ تۇەن

## سۆيەلمەيمەن

(تېكىست)

سۆيەلمەيمەن سېنى دىلبەر،
كۆزۈڭنى ياشلىما ئەمدى.
گۈزەل چاغلارنى ياد ئەيلەپ،
سۆزۈڭنى باشلىما ئەمدى.

خۇنۇكلەشتى جامالىڭمۇ،
يۈرەك ـ قەلبىمدە جايىڭ يوق.
مېنى دىلدىن سىغىنغاندا،
پېقىر يانىڭدا دائىم يوق.

بولاركەن بۇ مۇھەببەتنىڭ،
رىيازەت دەردى ـ ھىجرانى.
ۋىسال ئەختەرى نۇرلۇقكەن،
ئىشقىنىڭ بولسا قۇربانى.

بۇ ئالەم ئۆز كۆرۈنمەس ھەم،
ۋاپا ئەھلىگە داغ يەتسە.
مېھىردىن سۆز ئېچىش تەس گەپ،
ئىشق باغىگە زاغ يەتسە.

2008 ـ يىل 20 ـ ماي، شىخەنزە شەھىرى

# يالغان

(تېكىست)

بېرىپ ئىشقىڭنى ئەي دىلبەر،
يۈرەكتىن سۆيگىنىڭ يالغان.
مۇھەببەت ئىشتىياقىدا،
لاۋا بوپ كۆيگىنىڭ يالغان.

جامالىڭ شۇنچە مىسكىندۇر،
يۈرەكتىن كۈلگىنىڭ يالغان.
ۋىسال دەشتىدە بىغەم بوپ،
يېگانە يۈرگىنىڭ يالغان.

بەخت قوينىدا ياشلىقىڭ،
پەيزىنى سۈرگىنىڭ يالغان.
پەلەككە دادلىنىپ ـ ۋايساپ،
قاپاقمۇ تۈرگىنىڭ يالغان.

جاھاندا ھەرنە قىسمەتنى،
بۇ ياشتا كۆرگىنىڭ يالغان.
ۋىسال پەسلىگە مۇشتاق بوپ،
ھايات سەن. ئۆلگىنىڭ يالغان.

2008 ـ يىل 30 ـ ماي، شىخەنزە شەھىرى

# قىزىلگۈل

(تېكىست)

ئەي قىزىلگۈل بەرگىڭدە،
شەبنەم بولاي.
يۇرۇپتىمەن ئىشقىڭدا،
ھەمدەم بولاي.

ئەي قىزىلگۈل بەرگىڭدە،
چوغدەك قان بارمۇ؟
سىنىڭ ئەسلى ئىلكىڭدە،
تىرىك جان بارمۇ؟

رىۋايەتتە ئاشىق يىگىت،
قالمىسا ئۇخلاپ.
سۇبھى - تاڭدا ئىچىلامتىڭ،
قۇياشتەك چاقناپ؟!...

ئەي قىزىلگۈل ۋەسلىڭدە،
بىدارمەن ھەرۋاخ.
ماڭا قاراپ ئىچىلغىن،
دىدارمەن ھەرۋاخ .

2008-يىل 30-ماي، شىخەنزە شەھىرى

图书在版编目（C I P）数据

红柳—火热的心：维吾尔文/艾买提·库尔班著.
—乌鲁木齐：新疆大学出版社， 2009.12
ISBN 978-7-5631-2323-0

I. ①红… II. ①艾… III. ①抒情诗—作品集—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言） IV. ①I227.2

中国版本图书馆 CIP 数据核字 （2009）第177127号


责任编辑：阿不里米提·卡德尔
布海力且木·牙生
责任校对：阿达来提·牙合甫

红柳-火热的心
（诗 集）
艾买提·库尔班 著

新疆大学出版社出版
（乌鲁木齐市胜利路 14 号，邮政编码：830046 ）
新华书店发行
乌鲁木齐八家户彩印有限公司印刷
开本：850×1168 毫米 1/32 4.375 印张
2009 年 12 月 第 1 版 2009 年 12 月 第 1 次印刷
印数：0001 -3000 册

ISBN 978-7-5631-2323-0
定价：10.00 元

مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى: ئىلجان ھوشۇر



ISBN 978-7-5631-2323-0
9 787563 123230 >
（维文） 定价：10.00元